مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژورنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژورناللار سېپىگە كىرگەن ژورنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تورىدىكى مۇنەۋۋەر ژورنال



# ميراس

MIRAS(HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

美拉斯

4
2012

ISSN 1004-3829

www.uyghurkitap.com






قوش ئايلىق ژۇرنال 2012 - يىل 4 - سان

(ئومۇمىي 132 - سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئەپسانە قاتلاملىرىغا نەزەر ........................ كېۋىر ھىمىت (1)

ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ۋاقىت ھېسابلاش ئۇسۇلى ..........
.......................................... ئابدۇقادىر سادىر (18)

قاغا ئوبرازى ھەققىدە ........................ ئادىلە ئىدرىس (63)

## ئۇنچىلەر تىزمىسى

ھۆرلىخا ـــ ھەمرا ........................................ (10)

## ئادەت قىرىماس

تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى قاپاق مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى توغرىسىدا
.......................................... ئاينۇرە دولات (22)

ئۇيغۇرلاردا مال- چارۋىلارغا ئەن سېلىش- تامغا بېسىش ئادىتى ...
.......................................... ئابدۇقەييۇم مىجىت (36)

تاجىكلارنىڭ قەبرىلەرگە قوتاز قۇيرۇقى ئېسىش ئادىتى ............
.......................................... ۋارىسجان ئاتاخان (56)

كىلياڭ مەشرىپىدىكى ئويۇنلار ........................................
.......................................... رەتلىگۈچى: توقسۇن ھۈسىين ئەلقۇت (58)

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز ئادىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ......
.......................................... دىلبەر نۇرغوجا (66)



باش مۇھەررىر:
**ئازات سۇلتان**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزە تۇيغۇن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

www.uyghurkitap.com

# مادەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


ئۇيغۇرلاردا ۋادەك مەدەنىيىتى ... ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل (73)

## كەينىڭ تىگىدە گەپ بار

مەسىلىلەر ........................... مۇھەممەت ئىمىن (26)

## مىراسلىرىمىز

كىگىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى ...
................................ مۇھەممەدئىمىن سابىر (28)

كۇتۇپخانا ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ............
.................................... ئايگۈل ئايۇپ (69)

## ەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇ

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ...... قەدىرگۇل مەمەت (33)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

بۇزى كۆرپەش ..................... توپلىغۇچى: رادلوف (51)

## دۇنيا مىراسى

تاج ماھال مەقبەرىسى ........ ئايجامال مۇھەممەد تەرجىمىسى (75)


**ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ خالىغانچە كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ**


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى نەۋبەت تەمىنلىگەن
مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «مول ھوسۇل» پەرھات ئىبراھىم سىزغان

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin


**保护文化遗产**
**捍卫精神家园**


总编：
阿扎提·苏里坦
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
本期责人编辑：
胡尔仙阿依·买买提明

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路716号文联14层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E_mail**: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# ئەپسانە قاتلاملىرىغا نەزەر

كېۋىر ھىمىت

ئەپسانىۋى تەپەككۇر ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ مۇتىفى ياكى مەنبەسىدۇر①.

— كاسىرىر (گېرمانىيە)

ئەپسانە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر ۋە ھەرىكىتىدىكى غەيرىي ئەقىل ئامىللىرى بىلەن ئەقىل ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل ۋاستە، شۇنداقلا خىيال ۋە غايىنىڭ رېئاللىق بىلەن جىپسىلىشىشىدۇر. ئەپسانە بىلەن مىللىي مەدەنىيەت چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەپسانىلىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ شۇ مىللەتنى تولۇق ۋە مۇكەممەل چۈشەنگىلى بولمايدۇ②.

— J.O روبېرتسون (ئامېرىكا)

ئەپسانە — ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ رېئال مەۋجۇدىيەتنى چۈشىنىش مۇساپىسىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى كىشىلەر ئۈچۈن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىنى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى، تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى ۋە ئېڭىدىكى يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى چۈشىنىشنىڭ مۇھىم قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرىنى، ئۆزىنى گاڭگىراتقان، دىلىغۇللۇققا سالغان تەبىئەتنىڭ ماھىيىتىنى ئاكتىپ ئاڭقىرىشقا ئۇرۇنغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنداقلا ئۇ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى پائالىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، زور ۋە مۇرەككەپ سىستېمىدۇر. ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر رايون چوڭ جەھەتتىن، ئورتاق مەزمۇن ۋە ئورتاق تۈردىكى ئەپسانىلەرگە ئىگە بولغان تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن. جۈملىدىن ئەپسانىلەرنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىلاھلارنى ئۆزىگە باش پېرسوناژ قىلىشى ھەم دۇنيادىكى كۆپ قىسىم ئەپسانىلەردە ئالەمنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئوخشاپ كېتىشى، ئەپسانىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان تەپەككۇرغا ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان رېئاللىقىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەنبەسىنىڭ بىردەكلىكى، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئوخشاش ئىجتىمائىي باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ بىردەكلىكىنى، ئەپسانىۋى ئاڭ تەركىبلىرىنىڭ پەرقسىزلىكى، ئەپسانىلەردىكى ئىپتىدائىي ئامىللارنىڭ زور ئوخشاشلىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەپسانىلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەتتىكى بىر قاتار ئوخشاشلىقلار دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىنسانشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئەنگلىيەلىك ئېدۋارد تەيلور بۇ ھەقتە «بىزنىڭ بىلىشىمىزچە يەرشارىدىكى بىر-بىرى بىلەن ئارىلىقى يىراق بولغان

www.uyghurkitap.com



جايلاردا پەيدا بولغان جانلىقلار ئوتتۇرىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يەرشارىنىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىدا ياشايدىغان تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىمۇ ئۆزئارا ئوخشاپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى بايقايمىز»③ دېگەن يەكۈننى چىقارغان. ئەسئەت سۇلايمان تونتىم نۇقتىسىدىن «يەرشارىنىڭ ئىككى چېتىدىكى بىر-بىرى بىلەن قىلچىمۇ ئۆتۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئىپتىدائىي توپلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى توتېم ئېتىقادىدىكى غايەت زور ئوخشاشلىق بىزنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ ــ ئەلۋەتتە»④، دېگەن بولسا، ئامېرىكىلىق مورگان تېخىمۇ روشەن ھالدا «ئىنسانلارنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ بىردەكلىكى ئۇلارنىڭ بىر مەنبەدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ»، شۇنداقلا «ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى بىرلا بولغانلىقتىن كەچۈرمىشلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ»⑤ دەپ قارىغان. بۇنىڭ ئاساسى شۇكى، ئەينى دەۋردە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىكى ئوخشاشلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق پىسخىك ھالىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، ئەينى دەۋر تەپەككۇر ھالىتىنىڭ ئورتاقلىقىغا ئىگە بولۇشىغا، ئىنسانلارنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ ئوخشاش بولۇشىغا ۋە ئورتاق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. ئەپسانىلەر مۇشۇنداق ئورتاق ئىجتىمائىي ئەندىزە، ئورتاق تەپەككۇر مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئومۇمىي ئورتاقلىق ئۇنىڭ مىللىيلىكىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. بىراق كېيىنكى مەزگىلدىكى ئەپسانىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە يوقىلىش جەريانى مىللەت ۋە رايونغا قاراپ پەرقلىق بولغان بولۇپ، بۇ خىل پەرقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ياشاش بوشلۇقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بوشلۇقىغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەپسانە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تۈپرىقى. ئۆزگىچە ئالاھىدە دۇنياسى. جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەپسانىلەر يەنە ئۇلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، دىنى، پەلسەپىۋى ۋە ئىلىم-پېنى ھېسابلىنىپلا قالماي، بۇ ئالاھىدە فورمىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغاندى. چۈنكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپىدە مەنىۋى پائالىيەت سۈپىتىدە ئەپسانە ۋە بىر قىسىم ئىپتىدائىي ئۇسسۇل سەنئىتى بار بولغان بولسا، ئەمەلىي پائالىيەت سۈپىتىدە «ئىپتىدائىي توتېم مۇراسىملىرى» بار ئىدى. ئەپسانە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتىغا ھەمراھ بولۇپ ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ ئالەم، ئىنسان ۋە ئىلاھ توغرىسىدىكى ساددا تەپەككۇرىنىڭ، قورقۇش ۋە ياتسىراش تۇيغۇلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش ۋاستىسى بولۇپ قالغان، شۇنداقلا بارا-بارا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى بارلىق پائالىيەتلەر ئەپسانە بىلەن زىچ باغلانغان. جۈملىدىن «ئەپسانىلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇشتىكى ئەڭ دەسلەپكى شەكلىنىڭ، شۇنداقلا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى، مېتودولوگىيەسى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى. پەقەت ئىنسانلار ياشىغانلىكى جايدا ئەپسانە بولغان»⑥. جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، «ئەپسانە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بۆشۈكىدۇر»⑦. چۈنكى بىز پەقەت ئەپسانىلەردە ئىپادىلەنگەن تەپەككۇر ئەندىزىسى، ئالاھ قاتلىمى، ئوبراز قۇرۇلمىسى، مەنە تەركىبى، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئارقىلىق ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مۇھىتىغا، كوللېكتىپ ئېڭىغا، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىگە نەزەر سالالايمىز.

### 1. ئەپسانىنىڭ دىن قاتلىمى

ئىپتىدائىي دىنىنىڭ بارلىققا كېلىش مەسىلىسى نۇرغۇنلىغان دىنشۇناسلار، ئىنسانشۇناسلار ۋە ئارخېئولوگلار ئۈزلۈكسىز مۇنازىرە قىلىۋاتقان مەسىلە. ئۇنداقتا دىن بىلەن ئەپسانىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئەپسانە ئىپتىدائىي دىندىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن. چۈنكى دىنىنىڭ بارلىققا كېلىش مۇساپىسى ئەپسانىنىڭ بارلىققا كېلىش مۇساپىسىگە قارىغاندا خېلىلا ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ جەريانلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ، شۇنداقلا مەلۇم كۆلەمدىكى ئىپتىدائىي كوللېكتىپنىڭ بارلىققا كېلىشىنى شەرت، ئىدىيە جەھەتتىن ئورتاقلىشىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمما ئەپسانىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇ خىل مۇرەككەپ باسقۇچلارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلمىغاچقا دىندىن ئاۋۋال شەكىللەنگەن ۋە دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە

ئاساس بولغان. بىراق ئىپتىدائىي دىن پەقەت ئەپسانىلەردىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئىپتىدائىي دىننى بارلىققا كەلتۈرگۈچى باشقا ئامىللارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە ئىپتىدائىي دىنغا مەۋجۇت بولۇش ۋە كېڭىيىش مەنپەئەتىنى يەتكۈزگەن. «مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەپسانە بىلەن دىننىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇناسىۋەت مەۋجۇت. يىغىنچاقلىساق، ئەپسانە ئىچىدە ئىپتىدائىي دىن ئىپتىدائىي دىن ئىچىدە ئەپسانە بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا سىڭىشىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن»⑧.

ئەڭ دەسلەپتە ئىپتىدائىي جەمئىيەت يۈكسەك دەرىجىدە تەبىئەتكە تايانغان. تەبىئەتنىڭ ھالىتى ۋە شەكلى ئەڭ بۇرۇنقى ئۇرۇقداشلىق توپىنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى بەلگىلىگەن ھەم ئەپسانىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات ھالىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. «دىنشۇناسلىق پىنىنىڭ ئاساسچىسى گېرمانىيەلىك ماكس موللېر ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىدە «تەبىئەت ئەپسانىلىرى نەزەرىيەسى»نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭچە دىننىڭ كېلىپ چىقىشى ھەرخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئەپسانىلەشتۈرۈشنى مەنبە قىلغان بولۇپ، دىن ۋە ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي شەيئىلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئادەملەشتۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»⑨. دېمەك، بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئەپسانىلەشتۈرۈش جەريانى، يەنى ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ رولى زور بولغان بولۇپ، ئىپتىدائىي دىننى بەدىئىيلەشكەن ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن ئوبرازلار بىلەن تەمىن ئەتكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەتنى چۈشىنىش جەريانىدا، تەبىئەتتە يۈز بەرگەن ھەر خىل ھادىسىلەرنىڭ ئارقىسىدا بىر خىل كۈچنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ، تەبىئەتكە چوقۇنغان. بۇ خىل چوقۇنۇش ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە يۆلىنىش، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان نورمال مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسەتنى نېگىز قىلغانىدى. چۈنكى «ئىپتىدائىي كىشىلەر ئەتراپتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىرلىق دەپ چۈشىنەتتى ھەمدە ھەر بىر شەخس بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە مۇناسىۋەت مەۋجۇت دەپ قارايتتى»⑩. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەتتىكى ھەربىر مەۋجۇداتقا ئۆزگىچە روھ، ئۆزگىچە سېھىر يوشۇرۇنغان دەپ قارىغاچقا تەبىئەت بىلەن ئامال بار گارمونىيەلىك تەرەققىياتنى ساقلاشقا تىرىشاتتى، بۇنىڭ تەسىرىدە ئۇلار تەبىئەتتىكى ھەر خىل ھادىسىلەر ئۈستىدە ھەر خىل قىياس، ھەر خىل پىكىرلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قارىشىچە، تەبىئەتتىكى ھەر بىر گىياھ، ھەر بىر تاش ۋە ھەر بىر جانلىقنىڭ ئۆزىگە خاس ئەپسانىسى بار ئىدى. بۇ ئەپسانىلەر ئۇلارنىڭ چوقۇنۇش پائالىيەتلىرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئەپسانە بىلەن دىن ئايرىم نەرسە بولماستىن، بىر-بىرىگە چىڭ يۇغۇرۇلغان بىر كاتېگورىيە ئىدى. ھەقىقەتەن كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئەپسانە بىلەن دىن ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزئارا ئىنسان مەڭگۈ ئاجرىتالمىغۇدەك دەرىجىدە بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ «ئەپسانە گۈزەل دىن، دىن خۇنۇك ئەپسانە»⑪ سۈپىتىدە ئۆز مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇردى ھەم ئۇلارنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «دىن رېئاللىقنىڭ ئىنكارى بولسا، ئەپسانە ئىنكارنىڭ ئىنكارى»⑫ بولۇپ قالدى. ئېتىقاد جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئەپسانىلەر ئۆزىگە بىر خىل ئىپتىدائىي چوقۇنۇش، ئېتىقاد، بەيئەت قىلىش تۇيغۇسىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بىراق بۇ ئېتىقاد ۋە چوقۇنۇش دىنغا بولغان چوقۇنۇشتىن پەرق قىلاتتى. ئەپسانىلەردىكى ئېتىقاد ۋە چوقۇنۇش تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن ئېتىقاد بولۇپ، بۇ خىل چوقۇنۇشنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئىلاھلار يالغۇز ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپلا قالماي، يەنە ئىنسانلارنىڭ ھەممە مەۋجۇتلۇقىنىڭ روھىغا بولغان چوقۇنۇشنىڭ تىل سەنئىتى ئارقىلىق غايىۋىلەشتۈرۈلۈشى، بەدىئىيلەشتۈرۈلۈشى ئاساسىدىكى چوقۇنۇش سەۋەبىدىن مەيدانغا چىققان ئىلاھلار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، «ئەپسانە ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ قوپال ھالەتتە تۇرغاندا يەنىلا مەلۇم مەنىدىكى نىسبەتەن يۇقىرى، نىسبەتەن كېيىنكى دىنىي غايىلەرنىڭ نىشانىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. ئەپسانە باشلىنىشىدىنلا يوشۇرۇن دىن ئىدى»⑬. بىراق كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا ئەپسانە تىل ۋە تىل سەنئىتىنىڭ كۈچىگە مەركەزلىشىپ قالغان

بولسا، ئىپتىدائىي دىن ئاڭ ۋە ئىلاھىي سىرلارغا ئىخلاس قىلىشقا تەرەققىي قىلغان. دېمەك «ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىپتىدائىي دىن ئىككى تەركىبتىن تەشكىل تاپقان، بىرى پائالىيەت (مۇراسىم)، يەنە بىرى تىل (ئەپسانە). بۇ ئىككى تەركىب ئىپتىدائىي دىنىي قاراشنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ»⑭. بۇنىڭدىن ئەپسانىنىڭ ئىپتىدائىي دىننى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىككى ئامىلنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد قارىشى ۋە ئىلاھ قارىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەپسانىۋى ئاڭ بىلەن توتېم ئېڭىنىڭ مۇناسىۋىتىگە نەزەر سالغاندا، ئەپسانىلەر بىلەن ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ توتېم ئېڭى پاراللېل شەكىللەنگەن قېرىنداش بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشىمىغان يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزئارا قوبۇل قىلىشلار بولغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەينى دەۋردە ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەر قېتىم ئۇۋلىغان ئوۋ نېمەتلىرىنى بۆلۈشۈشتە يىغىلىش ۋە مۇراسىم شەكلىنى ئالغان پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن. بۇ مۇراسىم پائالىيەتلىرى تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ قەبىلىسىنىڭ بەلگىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان توتېم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندى. توتېم مەدەنىيىتىدە توتېملىق شەيئىلەرنىڭ ئىپتىدائىي توپنىڭ ئورتاق چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىش باسقۇچى بىلەن توتېم توغرىسىدا ئېيتىلغان ئەپسانىلەرنىڭ دەۋرى بىر دەك ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، توتېمنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن توتېم ئەپسانىلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. بىراق توتېم دەسلەپكى مەزگىللەردە دىن ھېسابلانمايتتى. «ھەر بىر ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ توتېمىنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولۇشى بولماسلىقىدىن، شۇنداقلا تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوڭ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كەسكىنلىك بىلەن ئېيتقاندا، توتېم تۈزۈمى تېخى ئىپتىدائىي كاتېگورىيەگە تەۋە بولمىغان ۋاقىتتىلا ئۇرۇقداشلىق توپىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ياردەمچى شەكلىگە ئايلانغانىدى... توتېم ئېڭى توتېم ئېتىقادىغا تەرەققىي قىلغاندىن كېيىنلا ئۇنى دىن كاتېگورىيەسىگە قويۇشقا بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قەبىلە ئەزالىرىنىڭ توتېم ئېڭى پەقەت ئىپتىدائىي دىننىڭ دەسلەپكى چاقىرىقى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ دىنىي ئاڭ فور-مىسىغا تەۋە ئەمەس»⑮. كېيىنكى مەزگىللەردە، ئۇ ئىپتىدائىي دىندا بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئامىللارنى ھازىرلىغان. شۇڭلاشقا فرېئود توتېم توغرىسىدا توختالغاندا، «ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بىرىنچى قېتىملىق دىنىي تۈزۈم — توتېم تۈزۈمىدۇر»⑯ دېگەن يەكۈننى چىقارغان. دېمەك، توتېمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ كىرىشىپ كېتىشى ئەمەلىيەتتە ئىپتىدائىي دىننىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان بولۇپ، دىن بىلەن ئەپسانە ئوتتۇرىسىدىكى ئەبەدىيلىك مۇناسىۋەتنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەرگەن.

قىسقىسى، ئەپسانە بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، ئېنىقسىزلىقى سەۋەبىدىن نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئەپسانىلەر بىلەن دىندىن ئىبارەت بۇ كاتېگورىيەنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، شۇنداقلا ئەپسانىنى دىندىن كېلىپ چىققان دەپ قارىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە دىن ئەپسانىدىن ئەڭ كۆپ پايدىلانغان بولۇپ، ئەپسانىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۆز نۆۋىتىدە دىننىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرەتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، دىننى شەكىللەندۈرگەن نۇرغۇن ئامىللارنىڭ ئىچىدە ئەپسانە يېتەكچى رول ئوينىغان.

## 2. ئەپسانىنىڭ پەلسەپە قاتلىمى

ئەپسانە ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭىنىڭ يېتىلىش تۈپرىقى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى تونۇشىنىڭ ۋە ئىپتىدائىي تەپەككۇرىنىڭ خېمىرتۇرۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، تەبىئەت قوينىدىكى ئىپتىدائىي مەۋجۇتلۇق، تار دائىرىگە، چەكلىك بىلىش قوينىغا كۆمۈلگەن ئىپتىدائىي تەپەككۇر، دۇنياغا ئەپسانىۋى ئاڭ بىلەن قارايدىغان بىلىش شەكلىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. «ئەپسانە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى تونۇشىنىڭ ئالاھىدە شەكلى ۋە ئىپادىسى ئىدى. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تېخى ئابستراكت تەپەككۇر ئىقتىدارى يوق بولغاچقا كونكرېت تەسەۋۋۇردىن كەلگەن مەنتىقىلىق ئۇقۇملار ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى»⑰. ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ ساددا ۋە ئاددىي بىلىش ئىقتىدارى كىشىلەرنى دۇنيانى ئەپسانە ئارقىلىق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇلار تەبىئەتتىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى،

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ھەر خىل تەرەپلەرنى بىلىشتە
ئاددىي تەپەككۇرغا ۋە ئەپسانىۋى چۈشەندۈرۈشكە تاياد-
غاندى. ئەپسانىلەرنىڭ دۇنيانى بەدىئىي يول بىلەن چۈ-
شەندۈرۈشى ۋە دۇنيانىڭ سۇبيېكتى بولغان ئىنساننىڭ بى-
لىشنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ئۇزاققا سو-
زۇلغان ئىپتىدائىي رىئاللىقتا مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى
«ئەپسانىلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بويسۇند-
دۇرۇشتىكى ئەڭ دەسلەپكى شەكلىنىڭ، شۇنداقلا ئىپتىدا-
ئىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى، مېتودولوگىيەسى ۋە ئى-
دېئولوگىيەسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى»⑱. جۈملىدىن
بۇخىل دۇنيا قاراشنىڭ ۋە مېتودولوگىيەنىڭ ئۈزلۈكسىز
سىستېمىلىششىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ كۆپ خىللىششى، مۇرەككەپلىششى
ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنىڭ
مۇرەككەپلىششى جەريانىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىكى مەۋ-
جۇداتلار بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاند-
مىزلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىشى مول ئەپسانىۋى تەسەۋ-
ۋۇرنى مەيدانغا چىقاردى. ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىكى ھەرخىل
شەيئىلەر ۋە ئالەمنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئادەمنىڭ
يارىتىلىش مەنبەسنى چۈشەندۈرۈش جەريانىغا ئىنتايىن
مول ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇر ئامىللىرى مۇجەسسەملەنگەن
بولۇپلا قالماستىن، بىرخىل ئەڭ دەسلەپكى لوگىكىلىق ۋە
تەرتىپلىك بىلىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىپتىدائىي
ئىنسانلارنىڭ ئۆزگىچە دۇنيا قارىشىنى نامايان قىلىپ بەر-
گەنىدى، جۈملىدىن بۇ خىل دۇنيا قاراشتىن پەلسەپىنىڭ
بىخلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا
«ئەپسانىلەر بىر خىل ھاياتلىق پائالىيىتى، ئىنسانلارنىڭ
ئەڭ بالدۇرقى تەپەككۇر ئۇسۇلى ھەم ئىپتىدائىي ئىنساند-
لارنىڭ دۇنيانى ئىزاھلىشىنىڭ بىر مۇھىم ئۇسۇلى»⑲
ئىدى. ئەپسانىۋى تەپەككۇر بىلەن سىستېمىلاشقان، ئابست-
راكتلاشقان پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن
قويۇق بولۇپ، ئۇلار ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئاساسىدا تە-
رەققىي قىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلار مەنبەداش
بولغان تەپەككۇر شەكىللىرى ھېسابلىنىشمۇ، كېيىنكى ۋا-
قىتلاردا پەلسەپىۋى تەپەككۇر سىستېمىلىشىپ ئەپسانىلەر-
دىن ئايرىلدى. بىراق شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ-
كى، «پەلسەپە بىلەن ئەپسانىلەر ماھىيەت جەھەتتە ۋە تە-
پەككۇر شەكىللىرى جەھەتتە پەرقلەنسىمۇ پەلسەپىنىڭ بالد-
لىق دەۋرى ئەپسانە ئىدى. ئەپسانىلەردە پەلسەپىنىڭ ئۇند-
دۇرملىرى ئاللىقاچان بىخلانغان، پەلسەپە تەرىپىدىن ئىز-
دىنىلگەن ئەڭ ئاساسلىق نەرسىلەرمۇ ئەپسانىلەردە ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغان»⑳. دېمەك، بۇلار ئوتتۇرىسىدا تېما ۋە
ئوبيېكت ئورتاقلىقى بار بولۇپ، ئەپسانىلەر ئىنسانلار رې-
ئاللىقىنىڭ سىمۋولى بولغان ئىلاھلارنى ۋە تەبىئەت دۇنيا-
سىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، پەل-
سەپىنىڭ ئوبيېكتىمۇ دەل ئىنسان رېئاللىقىنىڭ مۇرەككەپلى-
كى ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كۆپ خىللىقى ئىدى.

ئەپسانىلەرنىڭ پەلسەپە قاتلىمىنى چۈشىنىش ئۈچۈن
ئىپتىدائىي تەپەككۇرنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. قەدىم-
كى ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى
چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇشى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش
ۋە ياشاش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان
ئاددىي ئىزدىنىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى كوللېك-
تىپ تەسەۋۋۇرنى بىرلىك ۋە ئاساس قىلغان كۆچلۈك
ھېسسىي شەكىلدىكى ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئىدى. بۇخىل
تەپەككۇر شەيئىلەرنى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى شەكلى-
دە چۈشىنىشتىن كۆرە بىر تەرەپلىكنى، ئابستراكت سەۋەب-
نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتىن كۆرە تەسەۋۋۇرسىمان يەكۈننى
ئاساسىي ئىپادىلەش شەكلى قىلاتتى. ئىنسانلارنىڭ تەپەك-
كۇر تارىخىدىن قارىغاندا، «ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئىنساند-
لارنىڭ بارلىق تەپەككۇرى ھەمدە ھازىرقى زامان تەپەك-
كۇرىنىڭمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى باشلىنىش مەنبەسىدۇر.
ئەگەر ئىپتىدائىي تەپەككۇر تەتقىق قىلىنمىسا، ئىپتىدائىي
مەدەنىيەتنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشەنگىلى بولمايلا قالماس-
تىن، ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ باشلىنىش تومۇرى ھەم
ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىمۇ توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ»㉑.
تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، ئەپسانە ئىپتىدائىي تەپەككۇر-
نىڭ زور قىسمىنى ھەم ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ ماھىيەت-
لىك خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەپسانىۋى تە-
پەككۇرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئەگەر ئىنسانلار ئىپتىدائىي
ئىجتىمائىي ھالەتتىن، ئەپسانىۋى تەپەككۇرىدىن ئايرىلسا

ئەپسانىمۇ پەيدا بولمايتتى. بۇ ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەپسانىۋى تەپەككۇر ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىدا شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇپلا قالماي، شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىلەر تەرتىپلىك ھالدا ئىپادە قىلىنىپ، ھېسسىيلىق ۋە ساددا لوگىكىلىقتىن تەدرىجىي ئايرىلىشى، مۇئەييەن دەرىجىدە ئابستراكتلاشقان پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن بېشارەت بەرگەن. بۇنىڭدىن «پەلسەپە بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى پەلسەپە تارىخىغا ئوخشاش ئۇزاق تارىخقا ئىگە. چۈنكى پەلسەپە ھەقىقەتەن ئەپسانىلەرنىڭ مەدەنىيەتتە شەكىللەنگەن ۋە پىشىپ يېتىلگەن»㉒ دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كونكرېت بولغان ھادىسىۋى تەپەككۇرغا قەدەم قويۇش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەرتىپسىز بىلىش باسقۇچىدىن مەلۇم جەھەتتىن تەرتىپلىك بولغان بىلىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپلا قالماي، ئىنسانلارنىڭ ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولغان تۈرلۈك شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى چۈشىنىپ يېتىپ دۇنياغا ئوبيېكتىپ ۋە ئاكتىپ مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئەپسانە — ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيىتى، شۇنداقلا بىۋاسىتە ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئاكتىپ ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى... بىراق بۇ خىل ئۆزگەرتىش ھېسسىي تەلەپنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئەركىن خىيال شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئاڭدىكى دۇنيانىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش بولغان»㉓. جۈملىدىن، ئۇزاق ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ بىلىشى چوڭقۇرلاشتى، تەپەككۇرى كۆپ خىللاشتى، قاتلاملاشتى. ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى كېڭىيىپ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىلغارلاشتى، شۇنداقلا شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتكە بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەبىئەتنىڭ ھەر خىل توساقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئاڭلىق مەۋجۇدات ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، «ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى ئىلاھ ئەپسانىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن ئەتراپىدىكى دۇنيانىڭ ئومۇمىي باغلىنىشىغا بولغان تونۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى. بۇ خىل تونۇش ئىپتىدائىي پەلسەپىنىڭ جېنى ئىدى. ئۇلار گويا بارلىق چۈشىنىكسىز سىرلارنى يېشىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ئاچقۇچقا ئىگە بولغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئىگە بولغان بۇ كۆپ ئىقتىدارلىق ئاچقۇچ دەل پەلسەپىنىڭ جېنى ئىدى»㉔. دېمەك ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقنىڭ باغلىنىشىنى ۋە شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىشتىن ئىبارەت باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىدەك قانۇنىيىتىنى، شۇنداقلا شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدا مەڭگۈ يوقالمايدىغان زىددىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىدىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ھۆكۈمران بولۇپ كېلىۋاتقان ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇرنىڭ بارا - بارا چوڭقۇرلىشىشى دەل ئەڭ دەسلەپكى سىستېمىلىق دۇنيا قاراشنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### 3. ئەپسانىنىڭ تارىخ قاتلىمى

ئىنسانلار مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە كىرىشتىن ئاۋۋال، جۈملىدىن ئۇلار يېزىق ئىجاد قىلىپ تارىخنى خاتىرىلەشتىن بۇرۇن ئىنتايىن ئۇزاق جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن. شۇ مەزگىلدىن بىزگە يېتىپ كەلگىنى ئاندا - ساندا ئەمگەك ۋە تۇرمۇش قوراللىرىنىڭ قالدۇقى، ئىپتىدائىي سەنئەت قالدۇقى ۋە خېلى مول بولغان ئەپسانە ئىدى. جۈملىدىن ئەپسانىنىڭ بىر قىسمىلىرى يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىنىپ، مەزمۇنى نىسپىي تۇراقلاشتۇرۇلۇپ يېتىپ كەلگەن بولسا، كۆپ قىسمى خەلق ئېغىزىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد كۆچۈش ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن، شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن ئىنسانشۇناسلار، ئارخېئولوگلار ئەپسانىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي مەدەنىيەت فورمىسىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، شۇنداقلا ئۇلار يېزىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرنى «ئەپسانە دەۋرى» دەپ ئاتىدى.

ئەپسانە ئۆزىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى، ئۆزىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان تارىخىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تەرەققىيات تارىخىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. «ئەپسانە ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇق-

داشلىق جەمئىيەت باسقۇچىدىكى تۇرمۇشىغا ماس ھالدا
شەكىللەنگەن بولۇپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بۇ باسقۇچ-
تىكى تۇرمۇشى شەكىللەندۇرگەن ئۇنىۋېرسال خاراكتېر-
لىك مەھسۇلات، ئەپسانە شەكلىنىپلا ئۇرۇقداشلىق جەم-
ئىيتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ گۈللەندى. ئۇرۇقداشلىق
جەمئىيتى پارچىلانغان ۋاقىتتا ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر ئۆ-
زىنىڭ مەۋجۇتلۇق تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ قالدى» ㉕.
دېمەك ئەپسانىلەر پەيدا بولغان دەۋر دەل ئىنسانلارنىڭ
ئىپتىدائىي جەمئىيىتىگە توغرا كەلگەچكە، ئۇ ئۆزىگە
نۇرغۇن تارىخىي ئېلېمېنتلارنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى
يوشۇرغان. باشقىچە ئېيتقاندا ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلار-
نىڭ تۇرمۇش ھالىتى، پائالىيىتى، كۆرەشلىرى، جۈملىدىن
ئۇزاققا سوزۇلغان تارىخى ئۇلارنىڭ ئەپسانىۋى ئېڭى
بىلەن بىرلىشىپ ئەپسانىلىشىشتىن ئىبارەت بىر دەۋرنى بې-
شىدىن كەچۈرگەن. بۇخىل ئەپسانىلىشىش ئىپتىدائىي جەم-
ئىيەتتىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى، زور كۆلەملىك ھادى-
سىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ئالەم ۋە دۇنيا قارىشىدىكى ئۆزگە-
چىلىكلەرنى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت-
نى، ئەڭ مۇھىمى كىشىلەرنىڭ دۇنياغا قانداق مۇئامىلە قى-
لىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئى-
يەتتىكى ئەڭ چوڭ ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەپسانى-
گە يىغىنچاقلانغانىدى.

ئەپسانە بۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىنى چۈشىنىش-
نىڭ ئىشەنچلىك ۋاستىسى بولۇپ، «ئەپسانىلەر بىر خىل
ئىجتىمائىي ئەندىزە شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، ئەپسانىلەر-
دە تەسۋىرلەنگەن ئىلاھلار دۇنياسى ئىنسانلار جەمئىيىتى-
نىڭ سىماسى ئىدى»㉖. شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئەپسانىلەر
ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تارىخىنى ئۆزىگە مۇجەسسەمل-
گەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى
باسقۇچلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئامىللىرىنىڭ، جەمئىيەت قۇ-
رۇلمىسىنىڭ ھەم ئىنسانلارنىڭ قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلىش-
نىڭ ئىشەنچلىك ئۇچۇرلىرى بار ئىدى، گەرچە ئەپسانى-
لەردە تەسەۋۋۇرغا باي توقۇلما بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا
يەنىلا مەلۇم چىنلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چۈنكى
«ئىپتىدائىي ژانىرلار سىستېمىسىنى چىنلىق خاراكتېرلىك
ۋە توقۇلما خاراكتېرلىك دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ.
ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنى بىز توقۇلما خاراكتېرگە ئىگە

بولغان چۆچەكلەردىن پەرقلىق ھالدا چىنلىق خاراكتېرىدى-
كى بايان تۈرىگە تەۋە قىلىمىز»㉗. يەنە بىر تەرەپتىن،
ئەپسانىنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا بېرىدىغان تەسىرى ھا-
زىرقى ئىنسانلارغا بېرىدىغان تەسىرىگە تۈپتىن ئوخشىماي-
دۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەپسانىنىڭ ھەر بىر جۈملىسىنى
ئۆزىنىڭ دەستۇرى قىلغان. ئەپسانىدىكى تەسىر كۈچ
ئۇلارنىڭ رېئاللىقىنى بەلگىلىگەن بولسا، ئەپسانىدىكى
ئىلاھلار ئۇلارنىڭ قىبلىگاھى ئىدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار-
نىڭ قارىشىدا، توقۇلما بىلەن رېئاللىق ئۆزئارا گىرەلىشىپ
كەتكەن بولۇپ، نېمىنىڭ توقۇلما، نېمىنىڭ رېئاللىق ئى-
كەنلىكىنى ئايرىش، ھەتتا نېمىنىڭ ئەپسانە، نېمىنىڭ دىن،
نېمىنىڭ تارىخ، نېمىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىكەنلىكىنى
ئايرىشمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بىلىنەتتى. ئۇلار ئەپ-
سانىدىكى ئىلاھىي تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رېئال-
لىقىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا «كۆپىنچە
ۋاقىتتا ئەپسانىنىڭ مەنىسى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆز
تارىخىنى قالدۇرۇشقا ئىنتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. ئىپتىدائىي
دەۋرلەردە يېزىق يوق بولغاچقا كىشىلەر پەقەت ئېغىز ۋە
قولاقنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشەتتى. ئالاقىلى-
شىش جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ بىر قىسىم تارىخى ئۇلارنىڭ
خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالاتتى»㉘. جۈملىدىن ئۇلاردا ھا-
زىرقى زامان مەنىسىدىكى تارىخ يوق بولۇپ، پەقەت ئەپ-
سانىلا بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەپسانە بىلەن تا-
رىخنىڭمۇ مەلۇم ئوخشاش تەرەپلىرى بار بولۇپ، ئەپسانە
ئىلاھلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ۋە ئىنسانلار بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرسە، تارىخمۇ ئىنسانلارنىڭ
ئىش پائالىيىتىنىڭ خاتىرىسى ھېسابلىنىدۇ، باشقىچە ئېيتقان-
دا «ئەپسانە دەۋرى»دە تارىخ بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن ھالدا
ئەپسانىگە كىرگۈزۈلۈپ بايان قىلىنىدى.

يەنە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، «ئەپسانە ھەق-
قىي تارىخ. چۈنكى ئۇ ئىلاھلارنىڭ تارىخى. بۇ ئۇنىڭ
مەزمۇنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپلا قالماستىن، ئۇ كونكرېت
ئىپادىلىگەن ئىلاھىي كۈچ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن»㉙.
نۇرغۇن ئەپسانىلەردە ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، يەر ئاسمان-
نىڭ ئايرىلىشى، ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى قاتارلىقلارغا
دائىر بىر قاتار پائالىيەتلەر تەرتىپلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
بولۇپ، بۇلار كائىناتنىڭ ۋە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ

شەيئىلەرنىڭ دەسلەپكى ھەرىكەت قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى «ئومۇمەن ئەپسانىلەردە بىر بۆلەك ‹ئىپتىدائىي تارىخ› بار بولۇپ، بۇ تارىخنىڭ باشلىنىش چېكى يارالمىش ئەپسانىلىرىنىڭ ئۆزىدە تەسۋىرلەنگەن دۇنيانىڭ ئەڭ دەسلەپكى ياكى بىخ ھالىتىدىكى باسقۇچىدا بولىدۇ»㉚. دېمەك ئەپسانىلەردىكى تارىخ گەرچە ئىلاھلارغا ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەت ساھەسىگە يۈكلەنگەن ھەم بۇ ئىلاھلار ئىنسانلار رېئاللىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۆزىگە خېلى مول بولغان ئىجتىمائىي مەنىنى مۇجەسسەملىگەن ئىدى. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن تارىخ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسىدىن، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىن دېرەك بېرىدىغان ھەم شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇرەككەپ ھالىتىدە ئىپادىلەنگەن تارىخ ئىدى. ئەپسانىلەردىكى تارىخنى ئىپادىلەشتەك بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشنى ھازىرقى مەنىدىكى تارىخ پەننىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى «تارىخ كومېدىيە ۋە پىروزىغا ئوخشاشلا ئەپسانىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن. چۈنكى ئەپسانە بىر خىل ئىپتىدائىي تونۇش ۋە ئىپادىلەش شەكلى ئىدى»㉛. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەپسانىنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى ئىنسانلارنىڭ گەۋدىلىك پائالىيىتى ۋە زور تەسىر كۈچكە ئىگە تەبىئەت ھادىسىلىرى بولۇپ، بۇ خىل ئىپادىلەشنىڭ ئارقىسىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تارىخىي چۈشەنچىسى تۇراتتى. جۈملىدىن بۇ خىل چۈشەنچىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن ئەپسانىنىڭ تارىخىي تەرتىپىنى گەۋدىلەندۈرۈشى روشەنلەشكەن بولۇپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ غۇۋالىق ئىچىدىكى تارىخىي ئېڭىنىڭ ئەپسانىلىشىش باسقۇچىدىن بېشارەت بەرگەن، ئەمما «ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەپسانە بىلەن تارىخ گويا سۇ بىلەن ئوتتەك بىر-بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ. چۈنكى ئەپسانە توقۇلما، تارىخ چىنلىق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل يۈزەكى كۆز قاراش. ئەپسانىدىكى توقۇلما تارىخنىڭ مېغىزىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، شۇنداقلا تارىخنىڭ چىنلىقىمۇ دائىم ئەپسانىۋى مەنە قاتلىمىغا ئىگە بولىدۇ»㉜. ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا تارىخنىڭ ئەپسانىلىشىشى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشقاندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئۆسۈشىگە، تەبىئەت قارىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەپسانە ئىجادىيىتىگە زۆرۈر بولغان تەپەككۇر قۇرۇلمىسى سۇسلىشىپ ئەپسانىلەر قايتا ئىجاد قىلىنمىدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ تارىخنىڭ ئەپسانىلىشىشى ئۈزۈلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، نوپۇسنىڭ ئېشىشى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى كۆرەشنىڭ كەسكىنلىشىشى ئارقىسىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆز توپىنىڭ تەقدىرىگە تېخىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. بۇخىل ۋەزىيەت ئىلاھىي قەھرىمانلارنىڭ ئورنىغا ئىنسانىي قەھرىمانلارنى چىقاردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ئىپتىدائىي تەقدىر قارىشىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئەپسانىنىڭ تارىخلىشىش ھەرىكىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ۋە ‹ئىنسان ئامىلى›نىڭ ‹ئىلاھ ئامىلى›غا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى»㉝. بۇنىڭ بىلەن ئەپسانىلەر تارىخنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي گەۋدىسىگە مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت ۋەزىپىدىن خالاس بولۇپ، تارىخنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، تارىخىي قىياپەتتە چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت مۇقەررەرلىك ئىچىدىكى يېڭى بىر دەۋرگە كىردى. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتلىك مەزگىلىدە يېزىلغان تارىخىي كىتابلارنىڭ باشلانمىسى دەل ئەپسانىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى ئەپسانىلەر تارىخلىشىشتىن ئىبارەت باسقۇچقا قەدەم قويغان. بۇنىڭدىن تارىخ پەننىڭ ئەپسانىنىڭ تارىخلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ يۈزلىنىشنى بويلاپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ھەتتاكى يېقىنقى مەزگىلگە كەلگىچە بۇ خىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۇ دەلىلگە ئاساسەن ئەپسانىلەرنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تارىخى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① كاسىرىر (گېرمانىيە): «ئىنسان توغرىسىدا»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 112-بەت.

② ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»گە ئېلىنغان نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى نەشرى، 16-بەت.

③ ئېدۋارد تەيلور (ئەنگلىيە): «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى، 9 - بەت.

④ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى نەشرى، 177-بەت.

⑤ مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت»، سودا نەشرىياتى 1977 - يىلى نەشرى، 556 - بەت.

⑥ ئابلىمت ئۆمەر بىلىگ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشرى، 285 - بەت.

⑦ جۇسۇنمىڭ: «ئىلھامىي تەپەككۇر ۋە ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، شۆلىن نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى، 367 - بەت.

⑧ ياڭ جىيۇڭ: «خەلق ئېتىقادىدىكى ئىلاھلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئەپسانىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر»، «ئەپسانە توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» شائخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 147 - بەت.

⑨ ئابلىمت ئۆمەر بىلىگ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشرى، 245 - بەت.

⑩ لېۋى برۇھىل (فىرانسىيە): «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 28 - بەت.

⑪ شياۋبىڭ: «ئېستېتىكىنىڭ ئەپسانىۋى مەنبەسى»، «ئەپسانە توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» شائخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 112 - بەت.

⑫ شياۋبىڭ: «ئېستېتىكىنىڭ ئەپسانىۋى مەنبەسى»، «ئەپسانە توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» شائخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 112 - بەت.

⑬ كاسىرېر (گېرمانىيە): «ئىنسان توغرىسىدا»، شائخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى، 112 - بەت.

⑭ شيې شۇەنجۈن: «ئەپسانە ۋە مىللىي روھ»، شەندۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1986 - يىلى 377 - بەت.

⑮ چېڭ چياڭ: «ئەپسانىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ دەۋر شارائىتى»، «ئەپسانە توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» شائخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىلى 2 - ئاي نەشرى، 133 - بەت.

⑯ سىگموند فرېيود (ئاۋستىرىيە): «روھىي ئانالىز ئىلمىغا مۇقەددىمە»، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىلى 267 - بەت.

⑰ جاڭ لۇگشى: «ئەپسانىنىڭ تىرىلىشى»، «كىتاب ئوقۇش» ژۇرنىلى 1983 - يىللىق 6 - سان.

⑱ ئابلىمت ئۆمەر بىلىگ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشرى، 285 - بەت.

⑲ كاسىرېر (گېرمانىيە): «دۆلەت ئەپسانىلىرى»، «شەرق - غەرب پەلسەپىسى سېلىشتۇرما تەتقىقاتى» شائخەي مائارىپ نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى، 24 - بەت.

⑳ ئابلىمت ئۆمەر بىلىگ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشرى، 320 - بەت.

㉑ ليۇ ۋېنيىڭ: «ئۇزاققا سوزۇلغان تارىخىي مەنبە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى 1 - بەت.

㉒ لىڭ دېشى: «ئەپسانىلەردىن ھالقىش»، شەرق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى، 45 - بەت.

㉓ يۈ نەيچاڭ: «ئەپسانىدىكى پەلسەپە توغرىسىدا تەتقىقاتى»، «ئەپسانە توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» شائخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 57 - بەت.

㉔ يۈ نەيچاڭ: «ئەپسانىدىكى پەلسەپە توغرىسىدا تەتقىقاتى»، «ئەپسانە توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» شائخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 65 - بەت.

㉕ چېڭ چياڭ: «ئەپسانىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ دەۋر شارائىتى»، «ئەپسانە توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» شائخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 122 - بەت.

㉖ ئاكى ھولتكراتىز (شۋېتسىيە): «ئېدىئولوگىيەنىڭ ئىككى تەرىپى: شوشونلارنىڭ ئەپسانىسى ۋە خەلق ئېتىقادى»، ئالان داندىس باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «غەرب ئەپسانىشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى» گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى، 191 - بەت.

㉗ ۋىلىيام بېسكوم (ئامېرىكا): «««ئاغزاكى تارقىلىش: نەسرىي بايان»، ئالان داندىس باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «غەرب ئەپسانىشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى» گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى، 5 - بەت.

㉘ جياڭ زۇڭخۇا: «ئەپسانە ۋە ئېپوس — تارىخىي ئاڭنىڭ بىخلىنىشى»، «ئىجتىمائىي پەنلەر كەزمىسى» ژۇرنىلى، 1999 - يىللىق 2 - سان 50 بەت.

㉙ رافىلى پاتىزونى (ئىتالىيە): «ئەپسانىنىڭ چىنلىق خاراكتېرى»، ئالان داندىس باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «غەرب ئەپسانىشۇناسلىق ئوقۇشلۇقى» گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى، 125 - بەت.

㉚ ۋاڭ دېباۋ: «ئەپسانىنىڭ كەلمىشى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 - يىلى نەشرى، 174 - بەت.

㉛ ئارنولد تويىنبى (ئەنگلىيە): «تارىخ تەتقىقاتى»، شائخەي خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى 55 - بەت.

㉜ جياڭ زۇڭخۇا: «ئەپسانە ۋە ئېپوس — تارىخىي ئاڭنىڭ بىخلىنىشى»، «ئىجتىمائىي پەنلەر كەزمىسى» ژۇرنىلى، 1999 - يىللىق 2 - سان، 50 - بەت.

㉝ شيې شۈنجۈن: «جۇڭگو قەدىمكى ئەپسانىلىرىنىڭ تارىخلىشىشى»، «ئەپسانە توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» شائخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 246 - بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو ھازىرقى ۋە يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ 2009 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

www.uyghurkitap.com



# هۆرلقا — هەمرا

(قارا قالپاق خەلق داستانى)

بۇرۇنقى ئۆتكەن زاماندا، زامانىنىڭ قەدىمدە مىسىر دېگەن شەھەردە قىسراۋ دېگەن پادىشاھ بوپتۇ، بۇ پادىشاھنىڭ يا ئوغۇل، يا قىز نىشانى بولماپتۇ.

قىسراۋ پادىشاھنىڭ ئاقىلگۆي، كېڭەشگۆي ۋەزىرى بار ئىدى. بۇنىڭغا قاسىم ۋەزىر دەپ ئات قويغانىدى. كۈنلەردىن كۈن ئۆتۈپ قاسىم ۋەزىر ئوغۇللۇق بولۇپ، پۈتۈن مىسىر خەلقىگە توي تاماشا تارتتى. بۇ تويغا پادىشاھنى ھەم چاقىردى. قىسراۋ پادىشاھ 62 ئەمەلدار، 32 مۆھۆردارلىرى بىلەن قاسىم ۋەزىرنىڭ تويىغا كەلدى. تۆردىن ئورۇن، تويدىن ئۈلۈش بېرىلدى. ئۇ ۋاقىتنىڭ دەستۇرىچە ئەگەردە بىپەرزەنت ئادەم تويغا كەلسە، بېلىگە سۆگەك قىستۇرۇپ، ئاتىنىڭ قويرۇقىغا شىڭگىل قىستۇرار ئىمىش، بۇ قائىدىنى پادىشاھقا قىلماق كېرەك دېدى. پادىشاھ بۇ گەپنى ئىشىتىپ قايتماققا مايىل بولدى. مىسىرنىڭ يىگىتلىرىنىڭ بىراۋى كېلىپ ئاتنى تۇتتى. پادىشاھ ئاتقا مىنگەشكەندە چاققانراق بىر يىگىت كېلىپ بېلىگە سۆگەك قىستۇردى،

ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا شىڭگىل قىستۇردى. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بىپەرزەنتلىكى يادىغا چۈشۈپ ئۆيىگە بېرىپ، «مېنىڭ ئوغلۇم، قىزىم بولمىسا، يۇرت سورىغىنىمدىن نېمە پايدا» دەپ پادىشاھ تەختكە چىقماي، بىر يىلغىچە بافرىنى يەرگە قويۇپ يېتىۋەردى. كۈنلەردىن بىر كۈنى قاسىم ۋەزىر تويىنى تارقىتىپ پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كەلدى، كەلسە پادىشاھ تەختىدە يوق، بۇنىڭغا نېمە بولدى، دەپ قارىسا، بىر ئۆزى بىر جاينىڭ ئىچىدە ياتقىنىنى كۆردى.

— ھەي پادىشاھىم، سىزگە نېمە بولدى، بۇنچە قايغۇ غەپلەتتە سىز، — دېدى. شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ ئېيتتى:

— ھەي ۋەزىرى ئەزەم، مەن غەمكىن بولماي كىم بولسۇن، مېنىڭ يا ئوغلۇم، يا قىزىم بولمىسا، — دەپ ياستۇققا بېشىنى قويۇپ يېتىۋەردى. شۇ ۋاقىتتا قاسىم ۋەزىر:

— تەقسىر پادىشاھىم، غەمكىن بولماڭ، سىزنىڭ بىر ئۆزىڭىز ئەمەس ئوغۇلسىز، قىزسىز دۇنيادا بىر نەچچە ئادەم ئۆتكەن، — دېدى.

شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ:

— ۋادەرىخ، مەندىن ھەم پۈتۈن نەچچە ئادەملەر ئوغۇلسىز ئۆتكەن ئىكەن، — دەپ قايتىدىن تەختكە چىقىپ خەلقنىڭ ئەرزىنى سوراپ ئولتۇردى.

شۇنداق كۈنلەردىن بىر كۈنى قاسىم ۋەزىر مەسلىھەت ئەتتى:

— ھەي ئادالەتلىك پادىشاھىم قاراپ ياتقاندىن تىلەپ ياتقان ئەلا، — دەپتۇ، ئۇندا پادىشاھ ئېيتىپتۇ.

— ھەي قاسىم ۋەزىر نېمە تەلەپ، — دەپتۇ.

— ھەي پادىشاھىم بىزدىن بۇرۇنقى ئۆتكەن بىپەرزەنت بەندىلەر ئەۋلىيالارغا تۈنەپ ئۇلاردىن تىلەكلىرىنى تىلەر ئىمىش، بىزلەر ھەم شۇلار كەبى ئەۋلىيالارغا تۈنەسەك بىر نەرسە بولار بەلكىم، تەقسىر، — دەپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ قاسىم ۋەزىرنى يېنىغا ئېلىپ ئاز يۈرۈپ، كۆپ يۈرۈپ نەچچە مەنزىللەر يول يۈرۈپ، دەم تارتىپ ئىلغال ئېتىپ، بىر چۆل باياۋانلاردا كېتىۋاتسا ئالدىدىن چىققان 70، 80 نىڭ چامىسىدىكى غېرىب بابىغا دۇچ كەپتۇ. پادىشاھ بابىغا سالام بېرىپ ئاتتىن چۈشۈپ كۆرۈشتى. بۇ بابا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىدى. پادىشاھ بۇنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى تونۇپ قوللىرىنى قويۇۋەتمەي مەھكەم تۇتۇپ قىسىپ بابىغا قاراپ زار - زار يىغلاپ، قولىدا سازى بولمىسمۇ تىلىدا سۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ موھتاجلىقىنى بايان قىلىپ بىر نەچچە جىرلاردىن تىمسال كەلتۈرۈپ بىر سۆز دېدى:

باباجان ئىشتىكىل ئەرزى ھالىمنى،
ماڭا بىر ئېچىلغان يول دەپ يىغلارمەن.
سەن ئەتمىسەڭ پەريادىمنى دادىمنى،
بەرگەن ئامانىتىڭ ئال دەپ يىغلارمەن.

ئەمدى مېنىڭ تىرىكلىكىم گۇمانا،
نە مەندە پەرزەنت يا نامۇ نىشانا،
بەزەر گەنان يولۇم توستى ئۇ مانا،
ماڭا بىر ئېچىلغان يول دەپ يىغلارمەن.

قارا پەلەك ياقتى يۈرەك ياغىمنى،
كىملەرگە ئېيتاي ستەم داغىمنى،
بىر گۈل ئىدىم، خازان ئۇردى باغىمنى،
ماڭا بىر ئېچىلغان گۈل دەپ يىغلارمەن.

قىسراۋ ئېيتار، كۈنۈم ئاھ مېنىڭ ئۆتەر
بىر كۈن كېلىپ پەلەك تونۇمنى پىچار،
ئۆزۈم ئۆلگەن كۈنۈم چىراغىم ئۆچەر،
ماڭا بىر كەرەملىك ئوغۇل دەپ يىغلارمەن.

دەپ پادىشاھ سۆزىنى تامام ئەتتى. بۇ سۆزدىن كېيىن خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— ھەي پادىشاھ كۆتەر قولۇڭنى! مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي، تىلىگىڭ قوبۇل بولغاي، — دەپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئاندا پادىشاھ يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ قەبرىگە يېتىشتى؛ بىر كۈن ياتتى، خەۋەر يوق، ئىككى كۈن ياتتى خەۋەر يوق، ئۈچىلەنچى كۈن بولغاندا، شۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىدە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ ۋاقىتتا گۈمبەزنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەم كېلىپ:

— ھەي پادىشاھ كۆتەر بېشىڭنى، — دەپتۇ، — ساڭا ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز بېرىمىز. بىراق جېنىنى 14 يېشىدا ئالىمىز، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پادىشاھ چۈچۈپ ئويغانسا چۈشى ئىكەن. «ۋادەرىخ، ماڭا ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز بەرسە، ئۇلارنىڭ ھەممىنى 14 يېشىدا تېنىدىن جۇدا ئەتسە، بۇنىڭدىن ماڭا پەرزەنت بولماس» دەپ پادىشاھ گۇمبەزدىن چىقىپ قولىدا سازى بولمىسا ھەم تىلىدا سۆزى بىلەن بولغان ۋەقەلەرنى باياناپ قاسىم ۋەزىرگە قاراپ بىر سۆز دېدى:

غەمكىن كۆڭلۈم، بۇ چۈشۈمگە ئىشەنمە،
ۋاپاسىز پەرزەنتنىڭ پايانى بولماس.
كەتكىن باشىڭ ئېلىپ بۇندا كۆرۈنمە،
بۇ دۇنيا ھەم كىمگە ۋاپادار بولماس.

پايانسىز پەرزەنتنى ئېلىپ نەتەيىن،
بېرىپ ئايالالارنى تالاق ئېتەيىن،
بېشىم ئېلىپ باشقا يۇرتقا كېتەيىن،
بۇنىڭدىن ئارتۇق بىزگە قىينىلىق بولماس.

كۆز ياشىم تىنمايدۇ ئاقار نىتەيىن،
بېرىپ تارقىتايىن مىسىر لەشكىرىن،
ئوتلارغا ئۇرايىن دۇنيانىڭ بەرىن،
ھەققى قۇللۇق قىلغان نامسار بولماس.

قىسراۋ ئېيتار، ئىگەم پەرزەنت بەرمىسە،
بۇ دۇنيادا ئوغۇل قىزىم تۇرمىسا،
يا بۇ قىسراۋ ئۆلسە ئادەم كۆرمىسە،
بۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم شەرمىسەر بولماس.

دەپ قىسراۋ پادىشاھ گۇمبەزدىن چىقىپ، قاسىم ۋەزىرنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە خۇدانىڭ قىلغىنىغا قايىل بولۇپ، ساق ـ سالامەت مىسىر ۋىلايىتىگە قايتتى. ئاز يۈرۈپ دەم ئېلىپ، ئىلغاپ يېتىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ مىسىر شەھرىگە يەتتى. ئاندا قىسراۋ پادىشاھ كەلگەن خەلق بىلەن ئامانلىق سورىشىپ ھەم ئۆزىنىڭ 32 ئايالىغا قاراپ بولغان ۋەقەلەردىن خەۋەر بېرىپ، قولىدا سازى، تىلىدا سۆزى بىلەن بىر سۆز دېدى:

مەن كېتەر بولدۇم مەككىگە،
سىزلەر ماڭا يار بولماڭىز.
مېنىڭ بۇ كاساپىتىمگە،
سىزلەر گىرىپتار بولماڭىز.

كېتىپ بۇنىڭدىن سەنلەر كۆچۈپ،
كۆزلىك يۇمۇپ مەندىن كېچىپ،
پەرزەنت چىراقىڭىز ئۆچۈپ،
سىزلەر ھەم بىمەر بولماڭىز.

قۇۋانىماڭ دۆلەت چېغىما،
كىرمەڭىز قازان بېغىغا،
مېنىڭدەك پەرزەنت داغىغا،
سىزلەر گىرىپتار بولماڭىز.

تاشلاڭىز كۆڭۈل مەتلابى،
جىمىڭىز دۇنيانىڭ غەمى،
بەختى قارا قىسراۋ كەبى،
سىزلەر ھەم ۋەيران بولماڭىز.

دەپ قىسراۋ پادىشاھ سۆزىنى تامام ئەتتى. ئەمە پادىشاھ تەختى تاجىنى تالان قىلىپ تەختىن ۋەزىرلىرىنىڭ بىراۋىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى خۇدانىڭ قىلغىنىغا قايىل بولۇپ، ئىككى يېڭىنى كېسىپ پەيۋى پىيادە قايدا سەن مەككە مەدىنە شەھرى دەپ بەدەر كەتتى. ئۆيدە قالغان 32 ئايالىنىڭ ئوتتۇزى ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بەدەر كەتتى. قالغان ئىككىسى بىز پادىشاھنىڭ ئۆلگەن يېرىدە ئۆلۈكمىز، تىرىك يېرىدە تىرىكمىز دەپ ئۆيدە قالدى. پادىشاھ بولسا مەككە مەدىنە شەھرىگە بېرىپ ئوتتۇن يېرىپ، سۇ توشۇپ كۈن ئۆتكۈزدى.

بۇ سۆز بۇ يەردە تۇرسۇن، ئەمدى خەۋەرنى ئۆيدە قالغان پادىشاھنىڭ ئىككى ئايالىدىن ئېلىڭ.

ئايدىن ئاي ئۆتۈپ، كۈندىن كۈن ئۆتۈپ، توققۇز ئاي توققۇز سائەت توققۇز دەقىقە ۋاقت يەتتى، ئاندا پادىشاھنىڭ چوڭ ئايالىدىن بىر جۈپ ئوغۇل تۇغۇلدى، كىچىك ئايالىدىن بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇلدى. پادىشاھقا سۆيۈنچە تىلىمەككە ئادەم ئەۋەتتى. ئول ئادەم بېرىپ پادىشاھقا قۇۋانىشلىق خەۋەر ئېيتىپ سۆيۈنچە تىلىدى. پادىشاھ بارغان ئادەمگە كۆپ ئىنئاملار بېرىپ سالامەت ئېلىپ كېلىپ، باللىرىغا ئات قويۇش ئۈچۈن ئىلىنىڭ يۇسۇنلۇق ياخشى كىشىلىرىنى چاقىردى. يۇسۇنلۇق ياخشى كىشى جامائەت كېلىپ پادىشاھنىڭ باللىرىغا ئات قويماق ئۈچۈن يىغىلدى. ئۇلۇغ ئايالىدىن بولغان جۈپ ئوغۇلنىڭ

بىرىنىلك ئېتىنى قۇردىش قويدى، بىرىنىلك ئېتىنى زىنۋەر قويدى. كىچىك ئايالىدىن بولغان ئوغۇلنىلك ئېتىنى ھەمرا قويدى، قىزىنىلك ئېتىنى گۈلجەمىلە قويدى. ئۈچ كۈن توي تاماشا قىلىپ پادىشاھ باللىرىغا ئات قويدۇردى. توي تارقىغاندىن كېيىن، پادىشاھ قولىغا سازىنى ئېلىپ بىر نەچچە شېئىرلاردىن تىمسال كەلتۈرۈپ بولغان ۋەقەلەردىن خەۋەر بېرىپ بىر سۆز دېدى:

بۇنىڭدىن ساڭا پەرزەنت بولماس،
قۇۋانما كۆڭلۈم قۇۋانما.
گۈل رەنادەك ھېچ گۈل بولماس،
قۇۋانما كۆڭلۈم قۇۋانما.

كېلەر كەلمەس دۆلەت ئۈچۈن،
جاننى ئوتقا سالماق ئۈچۈن،
پايانى يوق پەرزەنت ئۈچۈن،
قۇۋانما كۆڭلۈم قۇۋانما.

بىلسەلك ئۆزۈڭگە ئايانتى،
پايدا يوق ساڭا زىيانتى،
تەك ۋاقتىنچە مېھرىلك قالدى،
قۇۋانما كۆڭلۈم قۇۋانما.

قىسراۋ سەن ھەققە بەندە،
شۈكۈر قىلغىن جانىلك تەندە،
ئۆلۈپ بولارسەن شەرمەندە،
قۇۋانما كۆڭلۈم قۇۋانما.

دەپ سۆزنى داۋام ئەتتى ھەم پادىشاھ ھەقنىلك قىلغىنىغا قايىل بولدى، يۇرت سوراپ تەختىگە مىنىپ ئولتۇرۇۋەردى. پادىشاھنىلك باللىرى بىردىن ئىككىگە، ئىككىدىن ئۈچكە، ئۈچتىن يەتتە يېشىغا كەلگەندە سۈننەت قىلدۇرۇپ مەكتەپكە بەردى. باللار مەكتەپتە خۇش سۈرەت، ساھىب چىراي، مۇلايىمزادە، خۇش قىلىقلىق، پەردىشەپىلىك باللار بولۇپ ئوقۇۋەردى. ئەنە يەتتە يىل مەكتەپتە ئوقۇپ 14 يېشىغا چاملاشتى، پادىشاھنى قايتىدىن پات - پات ۋەھىمە باستى. شۇندا قاسىم ۋەزىر ئېيتتى:

— ھەي، پادىشاھىم، ئەۋەل ئوغلۇم قىزىم يوق دېدىڭىز، ئاللا تائالا سىزگە ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز بەردى، يەنە ئۈچۈن بۇنداق غەمكىن بولىسىز؟ — دېدى. ئاندا پادىشاھ قاسىم ۋەزىرگە گۇمبەزدە كۆرگەنلىرىنى بايان قىلدى. شۇ ۋاقىتتا قاسىم ۋەزىر ئېيتتى:

— ھەي ئادالەتلىك پادىشاھىم، بۇ ئىشنىلك تەقدىرىنى مەن يەشسەم قانداق ئىكەن، — دېدى.

ئاندا پادىشاھ:

— قاسىم ۋەزىر، سەن قانداقچە يېشىسەن؟ — دېدى. شۇ ۋاقىتتا قاسىم ۋەزىر ئېيتتى:

— ماڭا ئۈچ باللىلك ئەركىنى بەرسەلك، مەن ئۇلارنى چىنماچىن شەھرىگە ئېلىپ بارسام، ۋاقىت تولسا يولدا ئۆلەر، ئۆلگىنىنى كۆزىڭىز كۆرمىسە ھەم كۆيمىگىڭىز قانداق بولارىكىن، — دېدى.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ، 10مىلك تۆگىگە غەللە ئارتىپ، قۇردىش، زىنۋەر، ھەمرا باللىرىنى قاسىم ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ، قولىغا سازىنى ئېلىپ قاسىم ۋەزىرگە قاراپ بىر سۆز دېدى:

مەن ساڭا ئېيتايىن ۋەزىر ئاغزىمەم،
مۈلكى دۇنيارىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.
غەللىدىن يۈكلىدىم ئۇل ئون مىلك نارىم،
ئەيش ئەشيالىرىم ساڭا تاپشۇردۇم.

بۇنداق بولسا ئىگەم پەرزەنت بەرمىسۇن،
بۇ دۇنيادا ئۆمرى قىسقا بولمىسۇن.
ئۈچىسىن ئەكتىلك كۆزۈم كۆرمىسۇن،
بىمۇرات باللىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

بۇ دۇنيادا چىقىپ نەھەل ئەكېيدىم؟
سېنەم ئېچىپ سايىسىدا ياتمىدىم.
توي - تاماشا ئېيتىپ مۇرات ئەتمىدىم،
بىمۇرات گۈللىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

قىسراۋ ئېيتار بەردىم ئوغلى سولىنى،
كۆرەر كۆزۈم، بەلدە قۇۋۋەت نۇرۇمنى.
غۇنچالىقتا خازان ئۇرغان گۈللۈمنى،
بىمۇرات گۈللىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

دەپ پادىشاھ سۆزنى تامام ئەتتى. ئەنە پادىشاھ 10 مىلك تۆگە غەللىنى قۇردىش، زىنۋەر، ھەمرانى يولغا سالماقچى بولدى. ھەمرا بىلەن تۇغقان قېرىندىشى گۈلجەمىلە ئۇچرىشىپ ھەمراغا: — بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە

www.uyghurkitap.com



كىرەك بولار، ــ دەپ ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىن ئوغرىلاپ ئىككى گۆھەرى شامچىراغ بەردى. ئاندا ھەمرا ئىككى گۆھەرى شامچىراغنى ئوبدان جايلاشتۇرۇپ، 10ملىڭ تۆگىنى كارۋان قىلىپ مىسىرنىڭ ئەل خەلقى بىلەن خوشلىشىپ قايدا سەن چىنماچىن شەھرى دەپ جۆنەپ كەتتى.

ئاز يۇرۇپ، كۆپ يۇرۇپ، ئۇچ ئايچىلىق يول يۇرۇپ، چىنماچىن شەھرىگە بىرىپ، چىنماچىندا كارۋان سارايدا دىگەن يەرگە بىرىپ چۇشتى. ئاندا ھەمرا تۆگىلەرنى چۆكۈرۇپ تاشلاپ قاسىم ۋەزىردىن جاۋاب ئىلىپ، كوچىلارنى ئايلىنىشقا كەتتى، ھەمرا كوچىلارنى كۆرۇپ يۇرسە ئاندا ـ مۇنداق ياتقان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكنى كۆردى. ھەمرا بۇنى كۆرۇپ بۇ نە ۋەقە، بۇ نە ئەھۋال دەپ چىنماچىننىڭ خەلقلىرىدىن سورىدى. ئاندا چىنماچىننىڭ خەلقى:

ــ بۇ ئاچتىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكى، ــ دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۇپ ھەمرا خەلققە رەھمى كىلىپ چىنماچىن شەھرىگە جار ئۇردۇردى:

ــ كىمدە كىم ئاچ نانسىز بولسا، كارۋان سارايغا كىلىپ كۇندە ئۇچ مەرتىۋە غىزالىنىپ كەتسۇن، ــ دىدى. ئاچ خەلق بۇنى ئىشتىپ، غىزالىنىپ كارۋان سارايغا كىلىپ كۇندە ئۇچ مەرتىۋە ئوۋقەتلىنىپ كىتىپ تۇردى. ئەنە ھەمرانىڭ پۇتى تەگكەن تۆگىلەرنىڭ دەنى تاۋسىلدى. ئەنە ھەمرا قۇردىش، زىۋەر ئاغىلرىغا ئيىتتى:

ــ ھەي ئاغىلار، بۇ خەلق بىر ئاچ خەلق ئىكەن، خەلقنىڭ غىمىنى يەيلى، سىلەرمۇ ھەم تۆگىلىرىڭىزدىكى غەللىرىڭىزنى خەلققە بەرسەڭلەركەن، ــ دىدى. شۇندا قۇردىش، زىۋەر:

ــ بىز بۇ يەرگە سودىگەرچىلىككە كەلدۇق، بىرىنى ئونغا سىتىپ پايدىلىنىمىز، سەن ساۋاب ئەتسەڭ، مەسچىت مەدرىس سالدۇرۇۋەر، ــ دىدى. شۇ يەردە ھەمرا:

ــ ئاغىلار سىلەرگە ئالتۇن كىرەك بولسا، دەپ گۇلجەملە قىرىندىشىنىڭ ئىككى گۆھىرى شامچىرىغىنى ئىككى ئاغىسىغا چىقىرىپ بەردى. ئەنە ئاغىلىرى گۆھەرى، شامچىراغنى ئىلىپ تۆگىلىرىنى ھەمراغا بىغىش ئەتتى. ھەمرا قايتىدىن خەلقنى غىزالاندۇرۇشنى داۋام ئەتتى. كۇنلەردىن بىر كۇنى باشقا ياقتىن كىرىش يوق بۇ تۆگىلەردىكى ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرمۇ ئاخىرلىشاي دىدى.

شۇ چاغدا، ھەمرا كىمدەكىم خالىسا مىسىر يۇرتىغا يۇرسۇن دەپ چىنماچىن شەھرىگە جار ئۇردۇردى. چىنماچىن شەھرىدىن 40 ملىڭ خوجىلىق ‹بىز ھەمرانىڭ ئۆلگەن يىرىدە ئۆلىمىز، تىرىك يىرىدە تىرىكىمىز› دەپ ھەمرانىڭ كەينىدىن يۇردى. ئەنە ھەمرا 40 ملىڭ خوجىلىقنى ئىيتىپ قاسىم ۋەزىرنى باش ئىتىپ ساق ـ سالامەت قۇردىش، زىۋەر ئاغىلىرى بىلەن مىسىر شەھرىگە قايتتى. بۇلار 45 كۇن يول يۇرۇپ توققۇز يولنىڭ بەندىرگەنىسىدە بىر قۇدۇق بار ئىدى، شۇ قۇدۇقنىڭ بىشىغا كىلىپ چۇشتى. ئاندا ھەمرا سۇ ئالماقچى بولۇپ قولىغا چۆمۈچنى ئىلىپ قۇدۇقنىڭ بىشىغا باردى، قۇدۇقنىڭ بىشىدا بىر چىنار بار ئىدى، شۇ چىنارنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان بىر ئاق ساقاللىق بابىنى كۆردى. بابىغا سالام بەردى، بابا سالامنى ئىلىك ئالدى.

ئاندا بابا:

ــ ھەي بالام، بىرىدىغىنىڭ بار ئىدى، بىرىپ كەت، ــ دىدى. ئاندا ھەمرا ئيىتتى:

ــ ھەي، بابا، مەن ئۆزۇم پادىشاھنىڭ بالىسى تۇرسام، قانداق بىرىدىغىنىڭ بولسۇن، ھەركىمگە قەرزىم يوق، ــ دەپتۇ.

شۇندا بابا ئيىتتى:

ــ بالام، مەن ئەزرائىلمەن، سىنىڭ پەيمانىڭ تولدى، مەن سىنىڭ جىنىڭنى ئالماققا كەلدىم، بىرىدىغىنىڭ شۇ، ــ دەپتۇ. ئاندا ھەمرا ئيىتتى:

ــ ئەل خەلقىم، ئاتا ـ ئانام بىلەن كۆرۇشسەم قانداق بولار ئىكەن، ــ دەپتۇ.

ياق بولمايدۇ، خۇدانىڭ پەرمانى بىر دەپتۇ.

ئاندا ھەمرا ئيىتىپتۇ:

ــ ھەي، بابا، بۇ يەردە 40 ملىڭ خوجىلىقىم بار، ئەڭ بولمىسا شۇلار بىلەن رازىلىشىۋالاي، ــ دەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بابا بۇنىڭغا رازىلىق بىرىپ، ھەمراغا رۇخسەت ئيىتتى. ھەمرا قولىدىكى چۆمۈچنى قۇدۇقتىن تولدۇرۇپ ئىلىپ 40 ملىڭ خوجىلىقنىڭ سۇ دىگىنىگە سۇ بىرىپ، نان دىگىنىگە نان بىرىپ، بۇ ئەھۋاللارنى بايان ئەتتى. بۇنى ئىشتىپ 40 ملىڭ خوجىلىق زارى يىغان يىغلىشىپ «ھەمرانىڭ جىنىنى ئالما، بىزنىڭ جىنىمىزنى ئال» دەپ يىغان ئەتتى. شۇ ۋاقىتتا كۆپ تىلەگى قوبۇل دىگەن شۇ ئەنە قاسىم ۋەزىر بۇلارنىڭ ئەتكەن يىغانىغا چىداپ تۇرالماي

قولدا سازى بولمىسا ھەم تىلدا سۆزى بىلەن پىرلەردىن مەدەت تىلەپ بىر سۆز دېدى:

ئۈچ ئوغۇلدۇر بىر ئاتىدىن تۆرەلگەن،
رەسۇلىللا مەدەت بېرەر كۆنۈگتى.
غېرىب ئۈممەتلەرنىڭ ھالىن سورىغان،
يا مۇستاپا مەدەت بېرەر كۆنۈگتى.

ئايرىلىپ ئېلىدىن بولۇپ سەرگەردان،
بولدىلار كۆزلىرى يولىغا گىريان.
ھەمرانىڭ پىرىسەن يا شاھى مەردان،
ئوغلانلارغا مەدەت بېرەر كۆنۈگدۇر.

يۈز يۈتتۈم ئۆزۈڭگە قەدىر پاناھىم،
كوھى قاپتىن ئېغىر تاپقان گۇناھىم.
بېغىشلا ئوغلانلار جانىن ئىلاھىم،
پىرى جاھان بېرەر كۆنۈگتى.

قاسىم دەر ئەزرائىل ئالسا جانىڭنى،
يەر كۆتۈرمەس ئۈنىڭ قەترە قانىنى.
يەرگە تۆكمە گۆھەرىڭنىڭ قانىنى،
يا مۇستاپا مەدەت بېرەر كۆنۈگتى.

دەپ قاسىم ۋەزىر سۆزىنى تامام ئەتتى. قوبۇل بولۇپ تۇۋسى، كۆپىنىڭ تىلىكى ھەم قاسىم ۋەزىرنىڭ نالىسىدىن ئاللا تائالادىن خەۋەر كەلدى:

— ئەي، ئەزرائىل 40 مىڭ خوجىلىقنىڭ تىلىكىنى قوبۇل ئېتىپ، باللارغا ئۆز پازىلىڭدىن 120 دىن ياش بەر، — دېدى.

بۇنى ئىشىتىپ ئەزرائىلنىڭ ۋاقتى خۇش بولۇپ قولدا سازى بولمىسۇ، تىلدا سۆزى بىلەن باللارنىڭ يېشىنى قۇتلۇقلاپ بىر - ئىككى كەلىمە سۆزلىدى:

باللىرىم قۇردىش، زىۋەر،
بالام ياش مۇبارەك بولسۇن.
ئاللا سىزگە رەھىم سالدى،
ھەمرا ياش مۇبارەك بولسۇن.

قولدىن ئۇزۇق ئاش بېرىلدى،
ئۆمرۈڭ سىزگە داش بېرىلدى.
يۈز يىگىرمە ياش بېرىلدى،
بالام ياش مۇبارەك بولسۇن.

دىنىڭىزغا دوستىڭىزغا،
كۆزىڭىزگە قېشىڭىزغا،
يۈز يىگىرمە يېشىڭىزغا،
بالام ياش مۇبارەك بولسۇن.

ئالەم جاھان ساڭا زەردۇر،
كەڭ جاھان كۆلىمى تاردۇر.
ئەزرائىلدۇر خىزمەتكاردۇر،
بالام ياش مۇبارەك بولسۇن.

دەپ ئەزرائىل سۆزىنى داۋام ئېتىپ، ئۆز يولىغا كەتتى. 40 مىڭ خوجىلىقنىڭ كۆڭلى زىيادە خۇش بولۇپ، ساق - سالامەت مىسىر يۇرتىغا جۆنەپ كەتتى. يەنە 45 كۈن يول يۈرۈپ ھەمرا نان دېگەنگە نان بېرىپ، سۇ دېگەنگە سۇ بېرىپ پىيادىنى تۆگىگە مىنگۈزۈپ ساق - سالامەت مىسىر يۇرتىغا يەتتى. شۇ خوجىلىقنىڭ ئىچىدە تۇزۇكرەك بىر ئادەمنى پادىشاھقا سۆيۈنچىگە ئەۋەتتى. ئۇل ئادەم پادىشاھقا بېرىپ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سۆيۈنچىلىك خەۋەر، باللىرىڭ ئامان كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ دەرغەزەپ بولدى.

خۇدانىڭ ھۆكۈمى ئىككى بولمايدۇ، بىر بولىدۇ، قايت كەينىڭگە دەپ، ئېشەككە تەتۈر مىنگۈزۈپ قويۇپ ماڭغۇزدى. شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئادەم بۇ ئەھۋاللارنى ئېيتىپ 40 مىڭ خوجىلىققا باردى، ئاندا ھەمرا بۇ ئەھۋالنى كۆردى، قاسىم ۋەزىرگە ئېيتتى:

— ھە، قاسىم ئاغا ئۆزىڭىز بارمىسىڭىز ئاتام ئىشەنمەس، — دېدى.

قاسىم ۋەزىر ئېتىنى توقۇپ ياساپ قايدا سەن قىسرەۋ پادىشاھنىڭ دەرگاھى دەپ بەدەر كەتتى. ئاز يۈرۈپ كۆپ يۈرۈپ، قىسرەۋ پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا يەتتى. ئاندا قاسىم ۋەزىر سەككىز سالام توققۇز تەزىم بىلەن تۇردى. شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ ئېيتتى:

— ھەي، قاسىم ۋەزىر، باللىرىمنى قەيەردە قويۇپ كەلدىڭ، ئېيت راستىڭنى، — دېدى. ئاندا قاسىم ۋەزىر،

— ھەي ئادالەتلىك پادىشاھىم، ساق - سالامەتچىلىك، باللىرىڭ ئامان كېلىۋاتىدۇ، — دەپ قولىغا تىللا سازنى ئېلىپ قىسرەۋ پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ شۇنداق جاۋاب ئېيتىپ تۇرسا كېرەك:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇلاق سېلىڭ ئىشتىپ پادىشاھىم،
ئارزۇلۇق ئارمانىڭ كەلدى.
كارۋان تارتىپ چىنماچىنغا،
كەتكەن ئوغلانلىرىڭ كەلدى.

خوپ ئېچىلدى غۇنچە گۈلۈڭ،
شادىيانە بولدى بۇلبۇلۇڭ،
باغلىرىڭدا سولغان گۈلۈڭ،
قايتىدىن گۈلزارىغا كەلدى

كۆزى بىلەن قاشى بىلەن
بەلەنت داغنىڭ بېشى بىلەن.
يۈز يىگىرمە يېشى بىلەن،
ھەمرا ئاتلىق جانىڭ كەلدى.

تۆكتى تاغلارنىڭ گىياھسى،
كەلدى سۆزۈمنىڭ جۇيەسى
تاجى تەختىڭنىڭ ئىيسى،
ھەمرا ئاتلىق بالاڭ كەلدى.

قاسىم دەر قۇلۇڭنىڭ ئاتىنى،
ھەق يەتكۈزگەي مۇرادىڭنى،
پادىشاھ يېتىڭ مۇرادىڭغا،
قاتارلاپ كارۋانىڭ كەلدى.

دەپ قاسىم ۋەزىر سۆزىنى داۋام ئەتتى. ئاندا پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئىشتىپ ۋاقتى زىيادە خۇش بولدى. قاسىم ۋەزىرگە كۆپ ئىنئاملار بەردى، شۇ ۋاقتىدا مىسىر شەھرىگە جار سالدۇردى، يەنە بۇ خەۋەرنى ئىشتىپ مىسىر شەھرىنىڭ ئالتە ياشتىن ئاتمىش ياشقىچە پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلدى. ئاندا پادىشاھ 62 ئەمەلدار، 32 مۆھۈردارنى يېنىغا ئېلىپ ھەم مىسىر خەلقىنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ باللىرىنىڭ كېلىۋاتقان يولىغا چىقتى. قارىسا قۇردىش، زىۋەر ئالدىدا كېلىۋېتىپتۇ. ئەمە پادىشاھ بۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھەمرانى سورىدى. ھەمرا كەينىدە كېلىۋاتىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ ھەمراغا قارىسا قولىدا كاسا، قولتۇقىدا نان، نان دېگەنگە نان بېرىپ، سۇ دېگەنگە سۇ بېرىپ، تەگگە دېگەنگە تەگگە بېرىپ خەلقنىڭ خىزمىتىنى پۈتتۈرۈپ كېلىۋاتقان ھەمرانى كۆرۈپ پادىشاھ 62 ئەمەلدار، 32 مۆھۈردارى بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ يىغان تارتىپ يىغلاپ ھەمرا بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن كېيىن چىنماچىندىن كېلىۋاتقان 40 ملڭ خوجىلىقنى ئېلىپ مىسىر شەھرىگە بېرىپ 40 ملڭ خوجىلىققا شەھەردىن جاي بەردى. خوجىلىقنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مىسىر شەھرىگە جار سالدۇردى: پادىشاھنىڭ 40 كېچە، 40 كۈندۈز توي تاماشاسى بار، كۆرەشباز بولسالڭ، چەۋەنداز بولسالڭ، مەسخىرىۋاز بولسالڭ، ئېيتقۇچى، شائىر، سازەندە بولسالڭ بېرىۋەرسۇن دېدى. ئۇزاققا ئات ئەۋەتىپ، خەلقنىڭ باش ـ ئايىغىنى جەملەپ، پادىشاھ ناغرا ـ سۇناي تارتتۇرۇپ، ئالتۇن قاۋاق ئارتتۇرۇپ ئات چاپتۇرۇپ، كۆرەش تۇتتۇرۇپ توي ئەتتى. ئەمە پادىشاھ تويدا تۇرۇپ ئۆزى قولىغا تىللا سازنى ئېلىپ تامامى خەلققە قاراپ بىر ـ ئىككى كەلىمە سۆز دېدى:

شۇكۇر ئېيتاي ئۆتكەن كۈنگە،
كۈنلىرىم باھارىغا تولدى.
خازانلىق، ھەسرەتلىك باغلار،
قايتىدىن گۈلزارىغا تولدى.

ئېچىلىڭ خەزىنە ئىشىگىن،
يېزىلڭ دەرگاھلىق دەپتىرىن.
كۆردۇم ئوغلانلارنىڭ يۈزىن،
قىش كۈنلىرى باھارىغا تولدى.

ئېچىلدى دەر غۇنچە گۈلۈم،
قۇرامغا تولدى بۇلبۇلۇم،
خازان ئۇرغان باغدا گۈلۈم،
قايتىدىن گۈلزارىغا تولدى.

قىسرەۋ ئېيتار جاندەك بىغىم،
كۆڭلۈمدە قالمىدى داغىم،
خازانلىق ھەسرەتلىك باغىم،
قايتىدىن گۈلزارىغا تولدى.

دەپ قىسرەۋ پادىشاھ سۆزىنى تامام ئەتتى. توي تارقاپ ھەممە جاي ـ جايىغا كەتتى. ئاندا قۇردىش، زىۋەر بارگاھتا قالدى، ھەمرا بولسا مەكتەپكە بېرىپ ئۆزىنىڭ ئوقۇشىنى داۋام ئەتتى. ئەمە پادىشاھ تەختكە مىنىپ ئەرز سوراپ كېۋىل قارار تاپتى. بۇ سۆز بۇ يەردە تۇرسۇن.

ئەنىدىكى سۆزنى قىسرەۋ پادىشاھتىن ئىشىتىلى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ ياز كۈنى سەرۋى تالنىڭ سايىسىدا سەرھاۋۇز دەريا بويىدا ئۇخلاۋاتقاندى. چۈشىدە 40 كەپتەر كېلىپ قوندى ھەم ئىچىدە بىر تۆتى بار. كەپتەرلەر سىلكىندى، 40 كېنىزەك قىز بولدى. تۆتى سىلكىندى، 40 كېنىزەكنىڭ سەردارى بولدى. پادىشاھ ئېيتتى:— ھەي، قىزلار بۇ قەپەستىكى نېمە؟ دېدى. قىزلار ئېيتتى:

— بۇ بۇلبۇلگويا دېگەن قۇش، دېدى.

بۇ قانداق يەردە بولىدۇ؟ — دېدى پادىشاھ. پادىشاھ چۆچۈپ ئويغاندى. قارىسا چۈشى ئىكەن. نە پەردەلەر، نە قىزلار يوق. ياتقىنى سەرۋى تالنىڭ سايىسى، سەرھاۋۇزنىڭ بويى ئىكەن. پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ بۇ بۇلبۇلگويا قۇشنى تەختىمدە سايراتمىسام، مېنىڭ مىسىر شەھرىگە قىسرەۋ پادىشاھ بولغىنىمدىن نېمە پايدا بولدى؟ دەپ تەختىگە چىقماي يېتىۋەردى، ئارىدىن 40 كۈن ئۆتتى. ئوغرى كاززاپ كۆپىيىپ كەتتى. قاسىم ۋەزىر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بۇ زاڭگار نېمە ئۈچۈن تەختكە چىقمايۋاتىدۇ دەپ پادىشاھنىڭ ياتقان يېرىگە كېلىپ:

— ھەق ئادالەتلىك پادىشاھىم، ئاۋۋال ئوغۇل، قىزىم يوق دېدىڭىز، ئوغۇل قىزلىق بولدىڭىز. 14 يېشىدا جېنى قابىز بولىدۇ، دېدىڭىز. بۇ ھەم ئەپۇ بولۇپ 120 دىن ياش بەردى. ئەمدىكى سىزنىڭ تەختكە چىقماي ياتقىنىڭىز قانداق بولدى. دېدى. شۇ ۋاقىتتا قىسرەۋ پادىشاھ ئېيتتى.

ۋەزىر ئەزەملەرنى يىغ، مەن سىزگە كۆرگەن ئەھۋالىمنى ساز بىلەن بايان قىلاي، دەپ ئەنە ۋەزىر ئەزەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، قىسرەۋ پادىشاھ قولىغا تىللا سازنى ئېلىپ كۆرگەن ئەھۋاللىرىنى بىر - بىر بايان ئېيتىپ بىر سۆز دېدى:

ئاغىلار، يېقىنلار بىر ئەھۋال كۆردۈم،
بىر مەسلىھەت كېلىپ پەرياد ئەيلىدى.
ئۆنى كۆرۈپ ئەقىل ھوشۇم كەتتۇردۇم،
مېنى ھەيرانلىققا بەربات ئەيلىدى.

چۈشۈمدە كۆرۈندى بىر بۆلەك قىزلار،
ھەرقايىسى تۆتىنىڭ سۆزىنى سۆزلەر،
ئەرزىمنى ئىشىتىلى ساھىب تەمىزلەر،
بىزگە ھەيرانلىقنى ئۇستاز ئەيلىدى.

چۈشۈمدە كۆرۈندى قىرىقبىر جانانا،
ھەجرى ئوتىدىن بولسام دەلى دىۋانا،
بۇ ئىشلار ئۆلۈمگە بولدى باھانا،
ماڭا يېڭى تىغنى جاللات ئەيلىدى.

قىسرەۋ ئېيتار ئەمدى سۆزنى نە ئېتەرمەن،
پەلەكنىڭ جەبرىدىن قانلار يۇتارمەن،
بۇلبۇلگويا قۇشنى ئىزدەپ كېتەرمەن،
ماڭا جاپا تىغنى جاللات ئەيلىدى.

دەپ قىسرەۋ پادىشاھ سۆزنى تامام ئەتتى. شۇ ۋاقىتتا، ۋەزىر ئەزەملەر ئويلىشىپ، قۇرئاندازلارنى، پالچىلارنى چاقىردى. (داۋامى بار)

«قارا قالپاق فولكلورى» X VI ، نۆكىس «قاراقالپاقستان» 1986 - يىل نەشرى.

قارا قالپاقچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇختار مۇھەممەد

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى 2010 - يىلدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن - يۇرۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

# ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمقى ۋاقىت ھېسابلاش ئۇسۇلى



ئابدۇقادىر سادىر

ۋاقىت ھېسابلاشنىڭ بىردىنبىر سىستېمىسى كالېندار بولۇپ، ئۇ تەبىئەتتىكى جۇغراپىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ دەۋر (ئايلىنىش) تەرتىپى بويىچە سان بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ۋاقىت ناملىرىدۇر. ۋاقىتنى كالېندار بويىچە ھېسابلاش قەدىمدىن تارتىپ ھەرقايسى ئەل ۋە خەلقلەردە خىلمۇخىل بولۇپ، ۋاقىت ھېسابلاش ئۇسۇللىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ۋاقىتنى «قەمەرىيە - ئاي كالېندارى» بويىچە ھېسابلىسا، بەزىلەر «شەمسىيە - قۇياش كالېندارى» بويىچە ھېسابلايدۇ. يەنە بەزىلەر «مۆچەل - ھايۋاناتلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان كالېندار» بويىچە ھېسابلايدۇ.

بۇنىڭدىن ئايانكى ئادەتتىكى ۋاقىت ھېسابلاشلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتتىكى قۇياش بىلەن ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى ۋە ھەرىكەت ئارىلىقىغا ئاساسەن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋردە يىللارنىڭ پەسىللەر سانى بىلەن، پەسىللەرنىڭ ئايلار سانى بىلەن، ئايلارنىڭ كۈنلەر سانى بىلەن، كۈنلەرنىڭ كۈن - تۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كۈن - تۈنلەرنىڭ سائەتلىك ۋاقىت مىقدارى بىلەن ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

ئەل ئىچىدە بولسا، بىر كېچە - كۈندۈز ئىچىدىكى ھەر بىر مۇئەييەن ۋاقىتنى بۈگۈنكى «سائەت بەش، سائەت ئون» دېگەندەك سائەتلىك ۋاقىت ھېسابلاش ئۇسۇلى بىلەن بىرگە يەنە تاڭنىڭ ئېتىشى، قۇياش ۋە ئاي - يۇلتۇزلارنىڭ كۆكتىكى ئورنى (كۆتۈرۈلۈپ، مەلۇم نۇقتىغا كېلىشى)گە قاراپ، ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئاتالغۇلار يەنى، «سۇبھى ۋاقتى»، «كۈن قىزىلى»، «چاي مەھەلى»، «ئاش ۋاقتى»، «بىر ئاش پىشىم»، «بىر چۆگۈن قاينىمى»، «چاشكاھ» (ئەتىگەنلىك تاماق بىلەن چۈشنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت)، «چۈش ۋاقتى»، «كۈن قىيسىلغان چاغ»، «كۈن پاتقان چاغ»، «زاۋال ۋاقتى»، «ئاۋۋال ئاخشام»، «ئەلياتقۇ»، «تۈن نىسپى»، («تەڭ كېچە»)، «ئاي تۇغقان چاغ»، «يۇلتۇز چىققان ۋاقىت»، «چولپان تۇغقان ۋاقىت»، «باش توخۇ پەيتى» (باش توخۇ چىللاق)، «كەچ پېشىن»، «كەچ كۆز»... دېگەندەك نام - ئاتاقلار بىلەن ئىپادىلەيدىغان تىل ئادىتىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاتاشلار شۇ ۋاقىتنىڭ مۇئەييەن بىرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئىشارىلىك بىرلىك بولۇپ، ئاشۇ ئاتالغۇلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋاتقان ھەر بىر كونكرېت ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ ئىكەنلىكىنى دەرھال ھېس قىلالايمىز. بۇ خىل ئاتاش ۋە قوللىنىش ئادىتى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىكى ئىختىرانىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئىسلام دىنى كىرىپ كەلگەندىن كېيىن بولسا بۇ ۋاقىت «بىرلىكلىرى»گە ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت، ئادەت ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرىدىغان «زوھۇر ۋاقتى»، «سۇبھى سادىق»، «ئەزان ۋاقتى»، «بامدات ۋاقتى»، «پېشىن ۋاقتى»، «دىگەر ياكى ئەسىر ۋاقتى»، «ئىپتار ۋاقتى»، «شام ۋاقتى»، «خۇپتەن ۋاقتى» دېگەندەك بىر مۇنچە كونكرېت ۋاقىت «بىرلىكلىرى» سىڭىپ كىردى، بۇ ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ۋاقىت بىرلىكلىرى لۇغىتى يەنىمۇ كېڭەيدى.

مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئەل ئاغزىدىكى بۇ ئاتالغۇلار تىلىمىزغا تېخى سائەت كەشىپ قىلىنمىغان قەدىمكى زامانلاردىلا كىرىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋاقىت ئېڭى-

نى چۈشىنىشىمىزگە، ئۇلارنىڭ ياشاش، ئىشلەپچىقىرىش،
تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە ھاياتنى قانداق قەدىرلىگەنلىكە-
نى، ۋاقىت - پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن ۋاقىت ھې-
سابلاش چارىلىرى ئۈستىدە قانداق ئىزدەنگەنلىكى،
قانداق ئىنتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي ئەمەلىيەتتىن
خەۋەردار بولۇشىمىزغا يېتەرلىك ئىمكانىيەت ئەكېلىپ بې-
رىدۇ.

گەرچە يۇقىرىدا دېيىلگەن «پالان - پوكۇن ۋاقتى»
دېگەنلەر بىزگە دەماللىقچە تەخمىنەن، قىياسەن ۋاقىت ئۇ-
قۇمىدەك تەسىرات بەرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېسابلىنىش جەر-
يانى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئاڭلىساقلا، بۇ ئىشارىلىك ۋاقىت ھې-
سابلاش ئۇسۇلىنىڭ بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئىكەن-
لىكىگە، ئەجدادلىرىمىزنىڭمۇ ئاشۇلارنى بىلگىدەك ئەقىل -
پاراسەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

ئەجدادلاردىن قالغان بۇ ئەنئەنىۋى ۋاقىت ئاتالغۇلى-
رى ۋە ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان كونكرېت ۋاقىت بىر-
لىكلىرى ئەمەلىيەتتە كەڭ تەبىئەت ۋە تەبىئەت قوينىدىكى
ئاجايىپ - غارايىپ ھادىسىلەرنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئېڭىدى-
كى كونكرېت ئىنكاسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىردىن-
بىر جەۋھىرى تەبىئەت ۋە تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر. ئېنىقراق
ئېيتقاندا بۇ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا، ئاسمان جى-
سىملىرىنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئەتراپىدا، شۇنداقلا قۇياشنى
دەۋر قىلىپ، رىتىملىق ئايلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ مەھسۇلى-
دۇر.

بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، كىشىلەر ئارىسىدا ھېلىمۇ سا-
ئەتلىك ۋاقىت ئۇقۇمى بىلەن بىللە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھې-
لىقىدەك سۈبھى، ئاش ۋاقتى، قوزا چۈش، چۈش ۋاقىت،
كۈن نەيزە بويى، تېرەك بويى، تۈن نىسپى دېگەندەك
ئىشارىلىك ۋاقىت بىرلىكلىرىمۇ ئەسلىدە مۇئەييەن بىر تە-
بىئىي ھادىسە ئاساسىدا بەلگىلەنگەن.

مەسىلەن، قەدىمكىلەر «چۈش ۋاقتى»نى تۈن -
كۈننىڭ ئۆزگىرىش - قىسقىراش مەۋسۇملىرىگە ئاساسەن
قۇياش نۇرىنىڭ ئوخشىمىغان چۈشۈشىگە بېقىپ، قۇياش
«سەراتان» قەدىمكى ئاتاقتا «تىمساھ» (شەمسىيە 4 -
ئاي، مىلادى 6 - ئايدىكى) بۇرجىغا يەتكەندە، بىر ئادەم-
نىڭ يەردىكى سايىسىنىڭ ئۆز قەدىمىدە بىر يېرىم قەدەم
كېلىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۆز سايىسىنىڭ ئۆز قەدىمىدە
«بىر يېرىم قەدەم»گە يەتكەن ۋاقتىنى «چۈش» ۋاقتى
دەپ ئاتىغان.

قالغان مەۋسۇم ۋە ئايلاردىكى سايە ئۇزۇنلۇقىنى
يۇقىرىقى «بىر يېرىم قەدەم» بىرلىكى ئاساسىدا سۇندۇ-
رۇپ (قوشۇپ ياكى كېمەيتىپ) ھېسابلاپ، «چۈش» بولى-
دىغان ۋاقىتنى بەلگىلىگەن. بۇ يەردە شۇ نەرسىگە دىققەت
قىلىش زۆرۈركى، خەلق تىلىدىكى ئاشۇ «چۈش ۋاقتى»،
«ئاش ۋاقتى»، «تۈن نىسپى - يېرىم كېچە»، «ئەلياتـ-
قۇ»، «كۈن چىققان - كۈن پاتقان مەزگىل»... دېگەن ۋا-
قىتلار قۇياشنىڭ ھەر قايسى مەۋسۇم - پەسىللەردىكى كۈن -
تۈننىڭ ئۇزىراش، قىسقىراش ۋاقتىدىكى شۇ نۇقتىغا
كەلگەن ئورنىغا قاراپ ئېيتىلىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن،
ئاشۇ ئاغزاكى ئىشارىلىك ۋاقىتلارنىڭ ھازىرقى سائەت ئۇ-
قۇمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ئەجدادلىرىمىز (قەدىمكى ئۇيغۇر مۇنەججىملىرىمىز)
دەل مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن كۈن بىلەن تۈن ئارىلىقى-
دىكىلا ئەمەس، يىل - ئايلار، پەسىل - مەۋسۇملار ئارىلى-
قىدىكى ۋاقىتلارنىمۇ ئاشۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ قۇياشنى
مەركەز قىلىپ، دەۋرلىك ئايلىنىشى ۋە شۇ ئايلىنىش ئىچى-
دىكى كونكرېت جىسىملارنىڭ كونكرېت ھەرىكەت ئورنى-
غا، ئىشارىلىك ۋاقىت ھېسابلاش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ
چىققان.

مەسىلەن، ئاسمان بېتىگە تارالغان توپ - توپ يۇل-
تۇزلار توپىنى 12 تۇركۇمگە ئايرىپ، ئۇلارنىڭ جايلىشىش
ئورنىغا قاراپ، ئاسمان بېتىنى 12 «بۇرج» (12 بۆلۈك)
غا ئايرىغان. ئاندىن ھەر بىر بۆلۈكتىكى يۇلتۇزلار تۈر-
كۈمىنى بىردىن ئايغا تەققاسلاپ، ئۇلارنىڭ نامىنى ئايلار
تەرتىپى بويىچە «قوزا»، «ئۈي»، «قوشكېزەك»،
«تىمساھ»، «يولۋاس»، «بۇغدايبېشى»، «تارازا»،
«چايان»، «ياچاق»، «ئوغلاق»، «سوغا»، «بېلىق»
دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ، بىر بۆلۈكنى بىر ئايغا،
ئۈچ ئاينى بىردىن پەسىلگە يەنى، قوزا، ئۈي، قوشكېزەك ـــ
ئۈچ ئاينى ئەتىياز، تىمساھ، يولۋاس، بۇغدايبېشى ـــ
ئۈچ ئاينى ياز، تارازا، چايان، ياچاق ـــ ئۈچ ئاينى كۈز،
ئوغلاق، سوغا، بېلىق ـــ ئۈچ ئاينى قىش، ئومۇمىي 12
بۆلۈكنى بىر يىلغا تەققاسلىغان. كېيىن ئۇنى تېخىمۇ
پارچىلاپ، ئايدىن كۈن - تۈننى بۆلەكلەرگە ئايرىپ ھې-
سابلاشنى بىلگەن.

مەسىلەن، ئۇلارنىڭ كۆزىتىشىدە «چايان» (شەمسى-

يە 8 ـ ئاي، مىلادى 10 ـ ئاي)، «ياچاق» (شەمشىيە 9 ـ ئاي، مىلادى 1 ـ ئاي)، «ئوغلاق» (شەمسىيە 10 ـ ئاي، مىلادى 12 ـ ئاي)لاردا ئادەمنىڭ سايىسىنىڭ ئىككى قەدەمدىن ئارتىپ بارىدىغانلىقىنى بايقىغان.

شۇ بويىچە ھېسابلاپ، «بۇغدايبېشى»دە ئادەم سايىسى ئۈچ يېرىم قەدەم، «تارازا»دا تۆت يېرىم قەدەم، «چايان»دا ئالتە يېرىم قەدەم، «ياچاق»تا سەككىز يېرىم قەدەم، «ئوغلاق»نىڭ بەشىدە بىر قەدەم زىيادە بولۇپ، ئون يېرىم قەدەم كەلگەندىكى چاغنى «چۈش ۋاقتى» دەپ بېكىتىدۇ.

شۇ ئاساستا ھېسابلاپ، ھەرقايسى پەسىل ـ مەۋسۇملاردىكى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ۋاقتى ياكى ۋاقىت پەرقىنى تۆۋەندىكىچە ھېسابلىغان:

1. قوزا (شەمسىيە 1 ـ ئاي، مىلادى 3 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە تۆت يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈندۈزى 12 سائەت، تۈنىمۇ 12 سائەت بولىدۇ.

2. ئۈي (شەمشىيە 2 ـ ئاي، مىلادى 4 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە ئىككى يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن 13 سائەت، تۈن 11 سائەت بولىدۇ.

3. قوشكېزەك (شەمسىيە 3 ـ ئاي، مىلادى 5 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە ئىككى يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن 14 سائەت، تۈن ئون سائەت بولىدۇ.

4. تىمساھ (شەمسىيە 4 ـ ئاي، مىلادى 6 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە بىر يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن 15 سائەت، تۈن توققۇز سائەت بولىدۇ.

5. يولۋاس (شەمسىيە 5 ـ ئاي، مىلادى 7 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە ئىككى يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن 14 سائەت، تۈن ئون سائەت بولىدۇ.

6. بۇغدايبېشى (شەمسىيە 6 ـ ئاي، مىلادى 8 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە ئۈچ يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن 13 سائەت، تۈن 11 سائەت بولىدۇ.

7. تارازا (شەمسىيە 7 ـ ئاي، مىلادى 9 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە تۆت يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن 12 سائەت، تۈنىمۇ 12 سائەت بولىدۇ.

8. چايان (شەمسىيە 8 ـ ئاي، مىلادى 10 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە ئالتە يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن 11 سائەت، تۈن 13 سائەت بولىدۇ.

9. ياچاق (شەمسىيە 9 ـ ئاي، مىلادى 11 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە توققۇز يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن ئون سائەت، تۈن 14 سائەت بولىدۇ.

10. ئوغلاق (شەمسىيە 10 ـ ئاي، مىلادى 12 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە ئون يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن توققۇز سائەت، تۈن 15 سائەتتۇر.

11. سوغا (شەمسىيە 11 ـ ئاي، مىلادى 1 ـ ئاي)دا: ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە سەككىز يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن ئون سائەت، تۈن 14 سائەت بولىدۇ.

12. بېلىق (شەمسىيە 12 ـ ئاي، مىلادى 2 ـ ئاي): ئادەمنىڭ ئەسلىي سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆز قەدىمىدە ئالتە يېرىم قەدەم بولۇپ، كۈن 11 سائەت، تۈن 13 سائەت بولىدۇ.

ئايلارنىڭ كۈن ھېسابى: قوزا، ئۈي ئايلىرى 31 كۈندىن؛ قوشكېزەك ئېيى 32 كۈن، تىمساھ، يولۋاس، بۇغدايبېشى ئايلىرى 31 كۈندىن؛ تارازا، چايان ئايلىرى 30 كۈندىن؛ ياچاق، ئوغلاق ئايلىرى 29 كۈندىن؛ سوغا، بېلىق ئايلىرى 30 كۈندىن ھېسابلانغان. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، قۇياشنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى 12 بۇرجنى تولۇق بىر ئايلىنىپ چىقىشىغا كەتكەن ۋاقىت (ھازىرقى مىلادى ھېسابىدا بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەتىيازلىق كۈن ـ تۈن تەڭلەشكەن ۋاقىتتىن، كېلەر يىلى يەنە شۇ ۋاقىتقىچە) تەخمىنەن 365 كۈن بولىدىغانلىقى بايقاپ چىقىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يىللارنىڭ سانىنى، دەۋرىنى ھېسابلاشتا ھەرقايسى سۇلالىلار، خانلىق ـ پادىشاھلىقلارنىڭ قۇرۇلغان ـ تىكلەنگەن ۋاقتىنى، مەلۇم ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى، يەنە مەلۇم داڭدار شەخسلەر-

نىڭ ياشىغان دەۋرىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ «تالىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇنچىنچى يىلى»، «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنچىنچى يىلى»، «قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئانچىنچى يىلى» دەپ ئاتىلىدىغان يىلنامىلارمۇ؛ خەلق ئىچىدە «داقيانۇس ۋاقتىدا»، «تەيپۇنەم زامانىسىدا»، «يەر ئىسلاھات ۋاقتىدا»، «كوپېراتسىيە ۋاقتىدا»... دېگەندەك يىلنامىلارمۇ ۋاقىت ھېسابلاشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. بۇ «ۋاقىت»لار كىشىلەرنىڭ ئەستە تۇتۇشىغا قولاي بولۇپ شۇ ۋاقىتنىڭ توغرا كېلىدىغان ئېنىق يىلنامىسى تېپىلىنىسلا، ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى ھېسابلىشىغا ئاسان بولىدۇ.

ھازىر دۇنيادا، جۈملىدىن خەلقىمىز ئارىسىدا ئاساسەن مىلادى كالېندارى بىلەن ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەمدە قەمەرىيە بىلەن مۆچەل كالېندارى بويىچە يىل ھېسابلاشتىن ئىبارەت بىر نەچچە خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى بولۇپ، ئەمەلىي ئىستېمالدا سەل قەدىمدىراق ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەرگە ئائىت يىل ۋاقىتلىرى بىر - بىرىگە ياكى مىلادىيە يىلىغا ئاغدۇرۇپ ھېسابلاش ئۇسۇلى بىلەن قوللىنىلىدۇ. ياشقا چوڭراق دېھقان، چارۋىچىلىرىمىز ئارىسىدا بىر - بىرىنىڭ يېشىنى مۆچەل كالېندارى بويىچە «پالانى توخۇ يىللىق، توخۇ يىلىدا تۇغۇلغان، بۇ يىل مۇنچە ياشقا كىردى» دەپ ياش ھېسابلايدىغان ئادەتلەر ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. «مۇھىمماتىددىن»، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسى، ھىجرىيە 1334 - يىل، تاشكەنت، تاشباسما.

2. «جامىئۇل يەتتۇا» ھىجرىيە 1224 - يىلى پۈتتۈلگەن قول يازما.

3. ئابلىز ئەمەت: «يىلنامە لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1993 - يىل، 2 - ئاي نەشرى.

4. ئەمەت دەرۋىش، مۇنەۋۋەر ئابلىز: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 - يىلى، 5 - ئاي نەشرى.


(ئاپتور: گۇما ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)


# ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2009 - يىللىق سانلىرىدىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017


**ئاپتورلار سەمىگە:**

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



# تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى قاپاق مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى توغرىسىدا

**ئاينۇرە دۆلەت**

تۈركىي تىللىق خەلقلىرى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزلىرى ياشاپ كېلىۋاتقان جۇغراپىيەلىك شارائىت، ھاۋا كلىمات، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ياشاش ئادىتى... قاتارلىقلارغا ماسلاشقان ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلغان. بۇلار ئۇلارنىڭ تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىپ ھايات ياشاش يولىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان. قاپاق ئەنە شۇنداق تۇرمۇش قوراللىرى ۋە بۇيۇملىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئىشلىتىشكە ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ھەممىگە باب بۇيۇم بولۇپ، ئۇ قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن. كىشىلەر قەدىمدىن تا يېقىنقى يىللارغىچە ئۇنىڭدا سۇ ئېلىپ ساقلاپ ئىچكەن، تۇز ساللاپ ئىشلەتكەن، شۇنداقلا مەيزاپ، مۇسەللەس، شىرنە، ياغ... قاتارلىقلارنى ئېلىپ ساقلىغان. سۇ قاچىلايدىغانى سۇ قاپىقى، ياغ قاچىلايدىغىنىنى ياغ قاپىقى، ئۇرۇق قاچىلايدىغىنىنى ئۇرۇق قاپىقى، ئاچچىقسۇ قاچىلايدىغانىنى ئاچچىقسۇ قاپىقى، دىۋانىلەر ئېسىۋالىدىغىنىنى تاماق قاپىقى... دەپ ئاتاشقان. قىسقىسى قاپاق كىشىلەر تۇرمۇشىدىن،

كىشىلەر قاپاقتىن ئايرىلماي كەلگەن.

تېبابەتچىلىك ئىشلىرىدىمۇ قاپاقنىڭ تەبىئىتىدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ رېتسېپىنى تۈزۈپ چىقىپ، كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى گەپ - سۆز، ئويۇن - چاقچاقلىرىدىمۇ قاپاقتىن ئايرىلالمىغان، ھەتتا خەلق ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ماقال - تەمسىل، ھېكايە - چۆچەكلەرمۇ قاپاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. مەسىلەن، «قاپاق بېغى بىلەن، تاسما يېغى بىلەن»، «باراڭ لازىم ئەمەس، قاپاق لازىم»، «قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل»، «قاپاقنى پۇلغا ئالماي، بارىڭنى پۇلغا ئاپتۇ»، «قاپاقتا نېمە بولسا تېشىغا شۇ تەپچەر»، «قاپاق سۇنسا قايغۇ يوق، قېرى ئۆلسە يىغا يوق»، «ئۆيۈڭ ئۆستەڭ بويىدا بولسا، قاپىقىڭ قۇرۇق قالماس»، «ئەقلى يوق باشتىن سۈيى يوق قاپاق ياخشى»...

قىسقىسى قاپاق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەر بىر كىچىك ھالقىلىرىغىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن، مەسىلەن، قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار مەيلى چاقچاق قىلغاندا ياكى ئۇرۇشۇپ تىللاشقاندا بولسۇن ياكى بىر - بىرىنى قارغاپ قەسەم قىلغاندا بولسۇن، دائىم «قاپاق» دېگەن سۆزدىن ئايرىلالمايدۇ. مەلۇم ئادەمنىڭ تەرسا، دۆت، كالۋالىقىنى



زاڭلىق قىلغاندىمۇ «قاپاق»، «قاپاقباش» دەپ ئاتايدۇ، بەزىدە قەسەم قىلغاندا «ئەگەر مەن مۇشۇ ئىشنى قىلالمىسام قاپاق بولۇپ كېتەي!» دەيدۇ. قىسقىسى قاپاقنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي مەنىلىرى ئوخشاشلا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

تۈركىي تىللىق خەلقلەر يەنە قاپاقتىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاپ، ئۆزىنى ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراشنىڭ مۇھىم قورالى قىلغان، قاپاق بىر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بولۇپ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق. ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئۇنىڭ ئىچىدىكى لېشى، ئۇرۇقى، ئۇرۇقىنىڭ يېغى، ھۆل ۋاقتىدىكى ئېتى دورىلارنىڭ خام ئەشياسى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. قاپاق قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش، جىگەر ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىش، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش قاتارلىق تەسىرگە ئىگە. قاپاق ئۇرۇقى سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، بۆرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش، تېرىنى ياخشىلاش، سەپرانى تەڭشەش تەسىرگە ئىگە. قاپاق لېشىنىڭ ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، قىزىتما پەسەيتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بولغاچقا، تۈركىي خەلقلەر تېبابەتچىلىكىدە بىر قىسىم سۈيۈق دورىلارنى لېشى ۋە ئۇرۇقى ئېلىنمىغان قاپاق ئىچىگە قويۇپ، داۋالاش ئۈنۈمى تۆۋەن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان ئادەت بار. تۈركىي خەلقلەر تېبابىتىدە يۈرەك، نېرۋا، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە قارىتا بىمارنى دورا بىلەن داۋالاش بىلەن بىللە، يەنە يېمەك - ئىچمەكى ئۈچۈن قاپاق ئىچىدە ساقلانغان سۇنى ئىستېمال قىلىش، قاپاق ئىچىدە ساقلانغان مايدا تاماق ئېتىپ يېيىش، قاپاق ئىچىدە تۇزنى شاللاپ ئىچىش بۇيرۇلىدۇ.

قاپاقنىڭ شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن: قىيما قاپاق، سۇ قاپىقى، ياغ قاپىقى، ئۇرۇق قاپىقى، كىچىك قاپاقلار، مەككە قاپىقى، نوگاي... دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1. قىيما قاپاق

قىيما قاپىقى ئاستى تەرىپى چوڭ، ئۈستى تەرىپى كىچىك، گال قىسمى يوق، ئۈستى تەرىپى پۈتۈنلەي قىيما ھالەتتە بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن نوگايغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قىيما قاپاقنىڭ ئۈچى قىسمى كىچىكرەك بولۇپ، ئېغى-

زىغا قوناقنىڭ مەدىكى ياكى ياغاچتىن ئېغىزلىق ياساپ ئېتىشكە بولغاچقا، ئۇ ئادەتتە زىرائەت مىيى، مەيزاپ، مۇسەللەس ۋە شىرنە قاتارلىقلارنى قاچىلاپ ساقلاشقا ئىشلىتىلگەن.

## 2. سۇ قاپىقى

سۇ قاپىقىنىڭ قورساق قىسمى چوڭ، گال ۋە باش قىسمى كىچىك بولۇپ، ئادەتتە چوڭ قاپاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قاپاقنىڭ سۇ ئالغاندا كۆتۈرۈش ئاسان بولۇش، سۇ ئېلىشقا ئەپچىل بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بولغاچقا، قاپاق ئىشلىتىش تۈركىي تىللىق خەلقلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. كىشىلەر ئېرىق- ئۆستەڭلەردىن، كۆللەردىن سۇ ئىچكەن دەۋرلەردە، قاپاق بىلەن سۇ توشۇپ ئىچەتتى ھەم چارۋىلىرىنى سۇغۇراتتى.

## 3. كىچىك تىپتىكى قاپاقلار

كىچىك تىپتىكى قاپاقلارنىڭ ئېگىزلىكى بەش سانتىمېتىردىن 12 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئىلگىرى كىچىك قاپاقنىڭ باش قىسمى كېسىۋېتىلىپ، ئاياللارنىڭ يېلىم چىلىغۇسى قىلىپ ئىشلىتىلەتتى، ھازىر كىچىك قاپاقلارنى ئۆيلەرگە، بولۇپمۇ بۆشۈكلەرنىڭ، قاتناش قوراللىرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئېسىپ قويۇش ئادەتكە ئايلاندى.

## 4. مەككە قاپىقى

مەككە قاپىقىنىڭ شەكلى ئالمىغا ئوخشايدۇ. رەڭگى قىزغۇچ رەڭدە بولىدۇ، مەككە قاپىقىنىڭ قېلىنلىقى ھەرقانداق قاپاقنىڭكىدىن قېلىن بولىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق- چۈششەك نەرسىلەر ۋە ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## 5. نوگاي

نوگاي قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا قاپاققا ياندىشىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن. ئۇلار نوگايدىن پايدىلىنىپ، كۆلدىن سۇ ئېلىپ قاپاققا قاچىلىغان، تۇزلۇق قىلىپ ئىشلەتكەن.

قاپاقنىڭ چىدامچانلىقى، رەڭگىگە ئاساسەن، قاپاقنى قارا قاپاق ۋە قەغەز قاپاق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 6. قارا قاپاق

قارا قاپاقنىڭ رەڭگى قارا رەڭگە مايىل، ئېتى نىسبەتەن قېلىن، تۈكلۈك، چىداملىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، سۇ قاچىلاشقا ۋە تۇزلۇق قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

## 7. قەغەز قاپاق

قەغەز قاپاق نىسبەتەن نېپىز، رەڭگى سۇزۇك، ئەمما چىدامسىز بولۇپ، ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئۇنىڭ گال قىسمىنى كېسىۋېتىپ، تۇرلۇك مايلىقدان، كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇقى ۋە ئاشلىق ئۇرۇقلىرىنى قاچىلاپ ساقلاشقا ئىشلەتكەن.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەن كاسىپلار ۋە بىر قىسىم گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرى قاپاق بىلەن نوگاينى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ، ئاجايىپ ئېسىل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. قاپاق سەنئىتى ئۇستىكارلىرى قاپاق، نوگايلارغا ھەرخىل مەنزىرىلەرنىڭ، گۈل- گىياھلارنىڭ، ئۇچار قۇشلارنىڭ رەسىمىنى، ئادەملەرنىڭ ھەر خىل قىياپەت ۋە كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىش ئارقىلىق تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈردى. ھەر خىل گىلەم نۇسخىلىرىنى، بولۇپمۇ خوتەن گىلىمىنىڭ قەدىمىي نۇسخىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، گىلەم نۇسخىلىرىنى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلىرىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل سەنئىتىنى قاپاق يۈزىدە جانلىق ئەكس ئەتتۈردى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە قاپاق ۋە نوگايدىن پايدىلىنىپ سەنئەت بۇيۇمى ياساش تېخنىكىسىمۇ ئۈزلۈكسىز يېڭىلاندى. داغماللاش، رەڭ بېرىش، قاپارتما چىقىرىش ئۇسۇللىرى ھازىرقى زامان قاپاق ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساشنىڭ ئىلغار ئۇسۇللىرى بولۇپ قالدى. تۆۋەندە بۇ جەرياننى كۆرۈپ باقايلى.

## 8. داغماللاش

قاپاقنىڭ ئۆز تەگ رەڭگىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، داغمالدىن پايدىلىنىپ، قاپاقنى كۆيدۈرۈپ، ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇمى ياسىلىدۇ. ئاندىن ياڭاق مېغىزى ۋە باشقا پارقىراتقۇچى مايلار سۈركۈلۈپ، قاپاق ۋە نوگاي كۆركەملەشتۈرۈلىدۇ.

## 9. رەڭ بېرىش



قاپاق ۋە نوگاينى قۇم قەغىزى قاتارلىق سىلىقلاش
سايمانلىرى بىلەن سىلىقلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھەر خىل
نۇسخىلار سىزىلىپ، ھەر خىل رەڭلەر ئارقىلىق بەدىئىي-
لىك ئىپادىلىنىدۇ. رەڭ بېرىش ئارقىلىق ياسالغان ھۈنەر -
سەنئەت بۇيۇملىرى ئادەتتىكى بۇيۇملاردىن جانلىق،
كۆركەم بولىدۇ. داغماللاش بىلەن رەڭ بېرىشنى بىرلەش-
تۈرۈش ئارقىلىق ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش تې-
خىمۇ زور ئىلغارلىقلارغا ۋە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇپ،
بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ياسالغان سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ
ئېستېتىك تۈيغۇ قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئادەمگە
جانلىق، كۆركەم، سىپتا، نەپىس، چىرايلىق كۆرۈنىدۇ،
قاپاق ۋە نوگاينىڭ ئۆز تەگ ھالىتى ساقلاپ قېلىنىپ،
ئايرىم ئورۇنلىرىغا رەڭ بېرىلىدۇ ياكى ئايرىم ئورۇنلىرى
داغمال ئارقىلىق ئويۇپ چىقىرىلىدۇ.

**10. قاپارتما چىقىرىش**

بۇ خىل ئۇسۇلدا چوڭ ھەم قېلىن بولغان قارا قاپاقتا
تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تېخىمۇ
يۇقىرى بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ گەۋدىلەندۈ-
رۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، قاپاق ۋە قاپاقلىق سەنئەت بۇيۇم-
لىرى تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن تا ھازىرغىچە
بولغان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي
قىسمى ۋە سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كەلمەك-
تە. ئۇستىكارلار قاپاق ۋە نوگايغا چۈشۈرۈلگەن سەنئەت
شەكلى ئارقىلىق تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى
ئۆرپ - ئادىتىنى، پىسخىك روھىي ھالىتىنى، دەۋر ئالاھى-
دىلىكلىرى ۋە مىللىي ئۆزگىچىلىكلىرىنى، تۇرمۇش ئادىتى
ۋە ياشاش شەكلىنى، جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنى، ئەڭ مۇھى-
مى ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مە-
دەنىيىتىنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەپ قاپاقلىق سەنئىتىنى را-
ۋاجلاندۇرماقتا ۋە بېيىتماقتا. بۇنىڭ بىلەن مەملىكەت
ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ، ئېكسكۇر-
سىيەچىلەرنىڭ، ھەتتا يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭمۇ قىزغىن
ياخشى كۆرۈشىگە ۋە ياقتۇرۇپ سېتىۋېلىشىغا ئېرىشمەكتە،
ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتماقتا. شۇڭا قاپاق ئارقىلىق
تۈركىي تىللىق مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش، تەتقىق
قىلىش، قاپاقلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»
ئابلىز ئەمەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى.

2. «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى»، «قازاق ئۆرپ -
ئادەت مەدەنىيىتى»، «ئۆزبېك ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى»،
«قىرغىز ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى»، «تاتار ئۆرپ - ئادەت مە-
دەنىيىتى»، جۇڭگو شىنجاڭ مىللەتلەر مىللىي ئۆرپ - ئادەت مە-
دەنىيىتى يۈرۈشلۈك كىتابلىرى شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت سىنئالغۇ
نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن سىن نەشرىياتى، 2008 -
يىلى نەشرى.

3. «ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش دەستۇرى» ئابدۇكېرىم تۇر-
سۇنتوختى، ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، شىنجاڭ خەلق سەھىيە
نەشرىياتى، 2005 - يىلى نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ئىنستىتۇتى
لېكتورى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر فىلولوگى-
يە ئىجتىمائىي پەنلەر نۇقتىلىق تەتقىقات بازىسى شىنجاڭ ئاز
سانلىق مىللەتلەر قوش تىل مائارىپ تەتقىقات مەركىزى ئەزاسى)

www.uyghurkitap.com

# مەسەللەر

**مۇھەممەت ئىمىن**




ئېيىقلار ماكان تۇتىدىغان تاغ ئۈڭكۈرلىرى ئالدىدىكى ئەگرى-بۈگرى، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يوللارنى، ئېگىز-ئېگىز دەرەخ شاخلىرىدا ماراپ ياتقان يىلپىزنىڭ تۇساتتىن پەسكە سەكرەپ چۈشۈش ئېھتىمالى بولغان قويۇق-قويۇق ئورمانلىقلارنى، بۆرىلەرنىڭ يىراق-يىراقلاردىن سوزۇپ-سوزۇپ ھوۋلاشلىرى پات-پات ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كۆز يەتكۈسىز قارا جاڭگاللارنى بىخەتەر بېسىپ ئۆتكەن ئات تۇيۇقسىز چوڭ يولغا يېتىپ كەلگەندە ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەكلا يېنىكلەپ يېنىك تىن ئالدى. ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچ ۋە جىددىيلىكتىن قۇتۇلغان ئات بىردىنلا ئۆزىگە قاتتىق ھاردۇق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، چوڭ يول بويىدىكى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان سۆۋادان تېرەك ئاستىغا كېلىپ سوزۇلۇپ ياتتى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ خاتىرجەم ھالدا ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

ئات تۇيۇقسىز ئەنسىز ھۇۋلاش ۋە دەھشەتلىك خىرقىراشلاردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ مىڭ تەستە كۆزىنى ئېچىپ، بەش-ئالتىدەك بۆرىنىڭ ئىڭگىل-سىڭگىل چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە ئۆز ئەتراپىدا دىۋەيلەشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن دەماللىققا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئات تېخى ئەس-ھوشىنى تېپىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا بۆرىلەر تەڭلا ئېتىلىپ كەلدى-دە، ئۇنى ھەر تەرەپتىن تالاشقا باشلىدى. رەڭگى ئوتقاشتەك كەلگەن يوغان گەۋدىلىك بىر بۆرە ئۆتكۈر چىشلىرىنى ئاتنىڭ كېكىردىكىگە چوڭقۇر پاتۇرۇۋېدى، شۇ ھامان ئاتنىڭ نەپسى قىسىلىپ، كۆز قارىچۇقلىرى چىڭقىلىپ چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە تاس-تاماس قالدى. ئاڭغىچە يەنە بىر بۆرە ئاتنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىشكە ئۈلگۈردى. قالغان بۆرىلەرمۇ ئاتنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىنى چىشلەپ تارتقۇشلىغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئاتنىڭ پۈتۈن ئەزايى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى.

— ھەي ئىست، ھەممە پېشكەللىك كاللامدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشتىن كەلدى! — دېدى ئات جان ئۈزۈش ئالدىدا ھەسرەتلىنىپ، — ئادەملەر كۈنبويى موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان چوڭ يول بويىدا خەۋپ-خەتەر نېمە قىلسۇن دەپ ئويلاپ بىخەستەلىك قىلمىغان بولسام ھەرگىزمۇ بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە قالمىغان بولاتتىم!




پادىشاھ شىكارغا چىققان بىر ھەپتىدىن بۇيان بىپايان چۆللۈك تونۇردەك قىزىشتىن زادىلا يانمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالايتەن ئوۋغا چىققان پادىشاھ ئالدىغا ئوۋلاشقا يارىغۇدەك بىرەر ھايۋان ئۇچرىسىچۇ، كاشكى! پادىشاھ تىت-تىت بولۇپ، تولۇمدىكى سۇ، خۇرجۇندىكى قاتلىمىلارنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكى بىلەن كارى بولماي، چۆل قوينىغا بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ شىكاردىن قۇرۇق قول يانغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئاخىرى پادىشاھنىڭ يۈگۈرۈك ئېتىمۇ، پادىشاھنىڭ

ئۆزىمۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە تۇيۇقسىز ئالدىغا يوغان بىر تۈپ چىنارغا سايە تاشلاپ تۇرغان بىر بۇلاق ئۇچراپ قالدى. پادىشاھ ئىگەردىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىنى قانغىچە ئىچتى، ئېتىنى سۇغىرىپ چىنارغا باغلىدى. ئاندىن كېيىن زەر تونىنى ئالدىراپ سېلىپ بۇلاق بويىغا تاشلىدى-دە، تون ئۈستىگە يانپاشلىدى، شۇ ھامان قاتتىق بىر نەرسە گاچچىدە ئىگىپ بېقىنىنى قاتتىق ئاغرىتىۋەتتى. پادىشاھ زەر تونىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، بېقىنىنى ئاغرىتقان نەرسە مۇشتۇم چوڭلۇقىدىكى بىر تاش بولۇپ چىقتى. ئۇ تاشنى قولىغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن يىراققا ئىرغىتىپ تاشلىۋەتمەكچى بولدى-يۇ، تۇيۇقسىز ئالىقانداق بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئاچچىقىدىن يېنىپ، تاشنى نېرىراق قويۇپ قويدى-دە، قايتىدىن زەر تونىنى يەرگە يېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇيقۇسىغا قانغاندىن كېيىن خۇرجۇندىن بىر نەچچە تال ياڭاق چىقىرىپ، ھېلىقى تاش بىلەن چېقىپ يېدى، ئاندىن كېيىن بايىقى ئۆچىنى ئالماقچى بولغاندەك، بېقىنىنى ئاغرىتىۋەتكەن ھېلىقى تاشنى كۈچەپ يىراققا ئېتىۋەتتى. يىراققا چۆرۈپ تاشلانغان تاش بىر مۇنچە ئۈششاق تاشلارنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشتى.

— بىلىپ قويۇڭلاركى، — دېدى ھېلىقى تاش ھاياجانلانغان ھالدا پەخىرلىنىپ، — مەن دېگەن سىلەردەك ئاددىي تاش ئەمەس، بەلكى سەلتەنەتلىك پادىشاھنىڭ مۇبارەك قولى تەگكەن ئېسىلزادە تاشمەن جۇمۇ!

ئۈششاق تاشلار بىر-بىرىگە قارىشىپ پىخىلدىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى تاش ئۈششاق تاشلارنىڭ كۈلۈشلىرىنى ھېكايەمگە قىزىقىپ قېلىشىپتۇ دەپ چۈشەندى بولغاي ئەتىمالىم، تېخىمۇ قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىلەمسىلەر، پادىشاھ مېنى ئەتىۋارلاپ خېلى ئۇزاققىچە يېنىدا ساقلىدى. باشتا تېخى ئۇنىڭ زەر تونىنى بىردەم يېيىپ يېتىش شەرىپىگىمۇ مۇيەسسەر بولدۇم. شۇڭا شانۇ-شەۋكەتلىك پادىشاھنىڭ شۇنچىۋالا زور شەپقەت-شاپائىتىگە ئاز-تولا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆز قولۇم بىلەن ياڭاق چېقىپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خۇشال بولۇپ كېتىپ مېنى سىلەرگە بەگ قىلىپ ئەۋەتتى!...

ئۈششاق تاشلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى، لېكىن ھېلىقى تاش ئۇلارنىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي، ئۆزىنىڭ ھېلىقى «شەرەپلىك تارىخى» بىلەن خېلى ئۇزاققىچە ماختىنىپ يۈردى.

بەزى ئەخمەق ئادەملەر باركى، ئۇلار خۇددى ئاشۇ تاشقا ئوخشاش خەقنىڭ قولچۇمىقى — ۋاقتىنچە پايدىلىنىش ۋاستىسىگە ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرۈشىدۇ.




— مەن زادىلا چۈشەنمىدىم، نېمە ئۈچۈن سىزنىلا گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى قىلىۋالىدۇ، ئاي خېنىم ؟ — دېدى تاغ كەينىگە ئولتۇرۇۋاتقان قۇياش ئادەملەردىن ئاغرىنىپ، — مېنىڭ چىرايىم سىزدىن مىڭ ھەسسە نۇرلۇق ۋە ئىللىق، بىراق ئادەملەر بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى، جۇملىدىن ئەقەللىيسى چىرايلىق قىزلارنىمۇ ماڭا ئوخشاتماي «ئايدەك گۈزەل» دەپ سىزگىلا ئوخشىتىدۇ، سىزگىلا مەدھىيە سۆزلىرىنى ياغدۇرىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب زادى نەدىكىن ؟

— بەلكىم بۇ نۇرىڭىزنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئۆتكۈرلۈكىدىن بولسا كېرەك، — دېدى ئاي خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ، — شۇڭا كۈچلۈك نۇرىڭىز تەپتىدىن كۆزلىرى قامىشىپ كېتىپ، ھېچكىممۇ سىزگە تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، سىزگە تۈزۈككىنە قارىيالماغاچقا نۇرانە چىرايىڭىزنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ تازا ئېنىق بىلىپ كېتەلمەيدۇ. مەن پەقەت غۇۋا ۋە سۇس نۇرلا چاچالايمەن، ئاسمانغا كۆتۈرۈلسەملا ھەممە ئادەملەر ماڭا خالىغانچە قاراپ ھۇزۇرلىنالايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مېنى گۈزەل دەپ ئويلاپ قېلىشقانمىكىن دەيمەن...

قۇياش كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا بېشىنى چايقاپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى-دە، لام-جىم دېمەي ئالدىراپ ئېگىز تاغ كەينىگە مۆكۈندى.

(ئاپتور: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا)

MIRAS

# كىگىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى



مۇھەممەدئىمىن سابىر

كىگىز ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ئىختىرالارنىڭ بىرى بولۇپ، مەركىزىي ئوتتۇرا ئاسىيا (جۇملىدىن تارىم ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا) ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان.

كىگىز قوي يۇڭىنى ئېتىپ-تىتىپ يۇمشىتىپ، چىغ ئۆسۈملۈكىنىڭ غوللىرىدىن توقۇلغان بورا شەكىللىك چىغدانغا مەلۇم ئۆلچەم بويىچە تەكشىلەپ سېلىپ، بەلگىلىك مىقداردا ئىللىمان سۇ چاچقاندىن كېيىن، چىغداننى يۇڭ بىلەن قوشۇپ يۆگەپ پىشۇرۇپ ياسىلىدىغان مەھسۇلاتتۇر. كىگىز پىشۇرۇشتا يۇڭ بىلەن قوشۇپ يۆگەپ سىلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن چىغداننىڭ سىرتى ئارغامچا بىلەن مەھكەم تېڭىلىدۇ. ئاندىن تۈز يەر ئۈستىدە پۇت ھەرىكىتى ئارقىلىق چىغداننى تېپىپ، دەسسەپ ئالدى-كەينىگە ياندۇرۇپ تەكرار-تەكرار دومىلىتىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت «كىگىز خامداش» دېيىلىدۇ. كىگىز خامداش بىر سائەت ئەتراپىدا داۋاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، چىغدان ئىچىدىكى يۇڭ بىر-بىرىگە كىرىشىپ بىر پۈتۈن ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ چاغدا چىغدان ئېچىلىپ كىگىز چىقىرىۋېلىنىدۇ. بۇنداق كىگىز پاتىسىز، يۇمشاق، چىدامسىز بولۇپ، بىۋاستە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا «خام كىگىز» دېيىلىدۇ.

خام كىگىزنى چىغدان ئۈستىدە قويۇپ، ئالقان ۋە بىلەك ھەرىكىتى ئارقىلىق بوي يۆنىلىشى ۋە توغرا يۆنىلىشلەردە ئاز-ئازدىن يۆگەپ ئالدىغا تۈرتۈش، كەينىگە ياندۇرۇش، ئۇۋۇلاش، شاپىلاقلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق 1.5 ـ 2.5 سائەت پىششىقلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەشغۇلات «كىگىز پىشۇرۇش» دېيىلىدۇ. پىشۇرۇش مەشغۇلاتى ئارقىلىق يۇڭ تالالىرى تېخىمۇ زىچ كىرىشىپ، خام كىگىز پاتلىق، چىداملىق، گىرۋەكلىرى ئۆلچەملىك ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ مەھسۇلات «كىگىز» دېيىلىدۇ.

كىگىز ئاساسلىقى ئۆيلەرگە سېلىنچا قىلىنىدۇ. تۈرلۈك كىيىم-كېچەكلەرنى تىكىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆرۈش ۋە ئارقاق ئايرىمىسى بولمىغان رەخت ھېسابلىنىدۇ. كىگىزچىلىك تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەر ئىچىدە نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمىي قول ھۈنەر كەسىپلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمىدىكى گۈمۈگۈ قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان كىگىز قالپاق قاتارلىق ھەمدەپنە بۇيۇملار توغرىسىدا بۇ يادىكارلىقلار «بۈنىڭدىن 3800 يىللارچە بۇرۇنقى دەۋرلەرگە

مەنسۇپ دېگەن بىر قەدەر ئىشەنچلىك دەسلەپكى يەكۈنـ
نى چىقارغان». مەزكۇر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا يەنە بۇ
قەبرىلەردىن چىققان كىگىز قالپاقلار توغرىسىدا: «كىگىز
رەڭگى ساپ، پىشۇرۇلۇشى تەكشى، قېلىن، چىداملىق، كېـ
زىكى ئۇچلۇق ۋە تېرەن، بۇ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونىدا بايقالغان كىگىز بۇيۇملار ئەۋرىشكىلىرى ئىچىدە
ئەڭ قەدىمى كىگىز ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ» دەپ
كۆرسىتىلگەن ①.

شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، يۇقىـ
رىقى دوكلاتتىكى «3800 يىل ئەتراپىدا بولغان» دېگەن
دەسلەپكى يەكۈن تارىم ۋادىسىدا كەشىپ قىلىنغان تۇنجى
كىگىزگە ئەمەس، پەقەت گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىدىن
چىققان كىگىز قالپاققىلا قارىتىلغان. تەتقىقات دوكلاتىدا بۇ
يەردىن چىققان كىگىز قالپاقنىڭ تىكمە قالپاق ياكى تىكىـ
شى يوق پىشۇرما قالپاق ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان.
ئەگەر تىكىشى يوق پىشۇرما قالپاق بولىدىغان بولسا، بۇ
كىگىزچىلىك تېخنىكىسى كەشىپ بولۇپ، خېلى زاماندىن
كېيىن بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولىدىغان ئىش.

ئۇ ئەگەر كىگىزدىن پىچىپ تىكىلگەن قالپاق بولغان
تەقدىردىمۇ، تۇنجى قېتىم كەشىپ قىلىنغان كىگىزنىڭ
«رەڭگى ساپ، پىشۇرۇلۇشى تەكشى، قېلىن، چىداملىق،
تېرەن» بولۇپ كېتەلىشى ئانچە مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ
ئۈستىگە جاھاندا تۇنجى قېتىم كەشىپ قىلىنغان كىگىزدىن
قالپاق تىكىلىپ، ئۇلارنى ئۇدۇل ئەكىلىپ گۇمۇگۇ قەبـ
رىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدىغان جەسەتلەرنىڭ بېشىغا كىيگۈـ
زۈپ دەپنە قىلىنغان بولۇشى ۋە بۇگۈنكى كۈندە ئاشۇ
تۇنجى كىگىزدىن تىكىلگەن قالپاقلارنىڭ دەل بىزنىڭ ئارـ
خېئولوگلىرىمىزغا ئۇچراپ قالغان بولۇشىمۇ مىڭدە بىر
پىرسەنتلىك ئېھتىماللىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن
مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

دېمەك، ئەقىلگە سىغىدىغان يەكۈن شۇكى، بۈنىڭـ
دىن 3800 يىللارچە بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قاـ
رالغان كىگىز قالپاقلار بۇ جاھاندا كەشىپ بولغان كىگىزـ
لەرنىڭ تۇنجىسى ئەمەس. پەقەت بىزگە ئۇچرىغان قەدىمـ
كى كىگىز بۇيۇملار ئىچىدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغىـ
نى خالاس. كىگىزچىلىكنىڭ كەشىپ قىلىنغان ۋاقتى ئۇنىڭـ
دىن نەچچە ئەسىر، بەلكى نۇرغۇن ئەسىر بۇرۇنقى زامانـ
لارغا توغرا كېلىشى مۇمكىن.

قانداقلا بولمىسۇن، كىگىزچىلىك بارلىققا كەلگەندىن
كېيىن، ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. بۈنىڭدىن 3000
يىل بۇرۇنقى چاغلارغا مەنسۇپ دەپ بېكىتىلگەن
چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقـ
دىن تەبىئىي قارا (قوڭۇر) رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن
قوش بويۇنلۇق كۇلاھ (ئېگىز قالپاق)، ئۆلچەپ كېسىپ،
ئىككى پارچە ئاق كىگىزدىن تىكىلگەن مۆڭگۈز شەكلى
ئورنىتىلغان قۇلاقچە، دەپنە قىلىنغان بوۋاقنىڭ ئاستىغا سېـ
لىنغان ئاق كىگىز، كىگىز پارچىلىرىدىن تەييارلىنىپ بوۋاقـ
نىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان كىگىز ياستۇق، بىر مۇنچە
بويالغان يۇڭلار، تېشى قىزىل، ئىچى قوڭۇر رەڭلىك
ئۇزۇن كىگىز پايپاق پارچىسى، ئەر جەسەتنىڭ پۇتىغا كىيـ
گۈزۈلگەن، تىزدىن ئېشىپ تۇرىدىغان، گۈل بېسىلغان
رەڭدار كىگىز پايپاق لەھەتنىڭ تۈكلۈك ئاغزىغا يېپىپ قوـ
يۇلغان توقۇم قاتارلىق كىگىز بۇيۇملار تېپىلغان②.

بۈنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق
بولغان لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىـ
قىدىن يۇمىلاق كېزەك ئاچا سايىۋەنلىك تىكمە كىگىز
قالپاق، قىزىل رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن تۈز كېزەك
ئاچا سايىۋەنلىك ئۇچلۇق قالپاق، تۇخۇمسىمان يۇمىلاق
كىگىز كېزەك توق يېشىل رەڭلىك يۇڭ چەكمەن سايىۋەنـ
لىك قالپاق، ئارىلاش رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن ساپما
ياقىلىق بالىلار كىگىز چاپىنى، كەڭ يەڭلىك، كەشتىلىك
چوڭلار كىگىز چاپىنى، خۇرۇم تاش كىگىز ئەستەرلىك
ئۆتۈك، چەكمەن تاشلىق كىگىز ئەستەرلىك ئۆتۈك، كۆن
چەملىك كىگىز ئۆتۈك، ئۇزۇن كىگىز پايپاق، كىگىز
گۆجەي (پاچاق پايتىمىسى) قاتارلىق كىگىز كىيىملەر تېپىلـ
غان ③.

قاراخانىلار سۇلالىسىگە كەلگەندە، كىگىز
مەھسۇلات تۈرى تېخىمۇ كۆپەيگەن، «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك»دە «كىگىز»، «قايرىما قالپاق»، «يامغۇرلۇق
كىگىز»، «كېپىنەك يامغۇرلۇق»، «يامغۇرلۇق كىگىز
قالپاق» قاتارلىق سۆزلەملەر بېرىلگەندىن سىرت «ئاسـ
رىيلادى» دېگەن سۆزگە: «ئۇ كىگىز رەڭگىنى قاپلان
رەڭگىگە كىرگۈزدى. يەنى، كىگىزگە ئالا-چىپار گۈل
باستى» (1-توم، 415-بەت) دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇ،
بۈنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنقى چاغلاردا تامغا باسما
بوياقچىلىق تېخنىكىسى ئارقىلىق سىيدام كىگىزگە گۈل

بىسىپ تامغا باسما گۈللۈك كىگىز ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كىگىزچىلىك ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان قول ھۈنەر تۈرى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن. مەھسۇلات تۈرى جەھەتتە تەبىئىي رەڭلىك سىيدام كىگىز، نۇقتا كىگىز، نوقۇت كىگىز، تەبىئىي رەڭلىك گۈللۈك كىگىز، بوياق تۇنىكە گۈللۈك كىگىز، تەڭلىمات قاتارلىق بىرلەمچى كىگىزلەر، بىرلەمچى كىگىزلەرنى خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان سىيدام بويالما رەڭدار كىگىز، بويالما گۈللۈك كىگىز، تامغا باسما گۈللۈك كىگىز قاتارلىق ئىككىلەمچى كىگىزلەر، كىگىز قالپاق، كىپىنەك (كىگىز يامغۇرلۇق)، كىگىز پايپاق، پىيما قاتارلىق كىگىز كىيىملەر ئىشلەپچىقىرىلىپ ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن. بولۇپمۇ گۈللۈك كىگىزلەرنىڭ گۈل نۇسخا تۈرلىرى 50 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ھېسابقا ئالغاندا، كىگىزنىڭ گۈل نۇسخا ۋە رەڭ نۇسخا تۈرلىرى نەچچە يۈز خىلغا يېتىپ، ھەممە ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشقان تۇرمۇش بۇيۇمى، ئۆيگە ھۆسن قوشىدىغان زىننەت بۇيۇمىغا ئايلانغان.

كىگىز كەشىپ قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان نەچچە مىڭ يىل داۋامىدا، ئوتتۇرا-مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئۇ دەسلەپتە بىر خىل چۈشەك-سېلىنچا سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئورنى ۋە رولى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە بىناكارلىق ماتېرىيالى كىيىم-كېچەك ماتېرىيالى، ئات-ئۇلاغ جابدۇق ماتېرىيالى نەقىش-بېزەك يۇكلىمە ماتېرىيالى قىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا مۇھىم رول ئويىنغان.

جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا ئۇ يەنە بەزى جەھەتتىكى ئورنى ۋە رولىنى يوقىتىپ كەلگەن. يېقىنقى يىرىم ئەسىردىن بۇيان بۇ خىل يۈزلىنىش، يەنى كىگىزنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىنىڭ ئاجىزلىشىش قەدىمى جىددىي كۆچەيدى. ئۇ، ھازىر كېيىن ئىگە بولغان باشقا جەھەتتىكى ئورنى ۋە رولىنى ئاساسەن يوقىتىپ، ئەڭ دەسلەپكى چىقىش نۇقتىسىغا، يەنى ئۆي بىساتى-سېلىنچا بولۇش ئورنىغا قايتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئورنىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە، كىگىزنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى ھەققىدە ئازراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كىگىزنىڭ كەشىپ قىلىنىشى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنى ئوت-چۆپ، پاخال، تېرە-يۇڭ قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىنچا-يېپىنچا قىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، يۇمشاق، يېقىملىق، پاكىز بولغان بىر خىل يېڭىچە سېلىنچا (بەلكى يەنە يېپىنچا)غا ئىگە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سوغۇقتىن، نەمدىن ساقلىنىش ۋە پاكىزلىق شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئاھالىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىلغان.

ئىككىنچىدىن، كىگىزنىڭ كەشىپ قىلىنىشى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنى يېڭىچە كىيىم-كېچەك ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئەتكەن. كىگىزدىن پىچىپ تىكىلىدىغان قالپاق، كىگىز چاپان، كىگىز پايپاق، كىگىز قونچلۇق ئۆتۈك، كىگىز ئېتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يۇڭنى پىشۇرۇپ ياسىلىدىغان قالپاق، يۇڭ پىشۇرما چاپان، يۇڭ پايپاق، پىيما قاتارلىق كىيىم-كېچەكلەر ئىلگىرى-كېيىن بارلىققا كېلىپ، ئاھالىلەرنىڭ پاخال ياكى تېرىلەرنى يېپىنچا قىلىدىغان يېرىم يالىڭاچ، يېرىم ياۋايى ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى قوپال بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۇستىخانىغا ۋە پەسلىگە



لايىق كىيىنىپ يۈرىدىغان مەدەنىي دەۋرگە باشلاپ كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئاھالىنىڭ ئىسسىق-سوغۇقتىن ساقلىنىش، بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىش، كېسەللىكتىن ساقلىنىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆسكەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىگىزنىڭ كەشپ قىلىنىشى مۇشۇ ئىنسانلار توپىنىڭ يېرىم ياۋايىلىق دەۋر بىلەن مەدەنىي ئىنسانلىق دەۋرىنىڭ پاسىلى ياكى بوسۇغىسىدۇر.

ئۈچىنچىدىن، مەركىزىي ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىگىزنىڭ كەشپ قىلىنىشى مۇشۇ خەلقلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي-ماكان شارائىتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ۋە ياخشىلىنىشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. كىگىز كەشپ قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇلار ئۆڭكۈرلەردە، تاغ باغرىدىن كولانغان سوۋۇق (كېمر) ئۆيلەردە، گەملەردە ياكى شاخ-شۇمبا، تېرە-پاخاللاردىن ياسالغان كەپە-ساتمىلاردا ياشىغان. ئۆڭكۈر، گەمە ۋە ساتمىلار گەرچە كىشىلەرگە پاناگاھ بولالىسىمۇ، ئىسسىق-سوغۇقتىن ساقلىنىشتا مەلۇم رول ئوينىيالىسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇقىم قۇرۇلمىلىق (ياكى تەبىئىي قۇرۇلمىلىق) ئىنشائاتلار بولغاچقا، زۆرۈر چاغدا يۆتكەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

هالبۇكى، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق ئىگىلىكى كىشىلەرنىڭ ئوت-سۇ ۋە ئوۋ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىگىلىكنىڭ يۆتكەلمە خاراكتېرى بىلەن تۇرالغۇنى كۆچۈرۈشنىڭ مۇمكىنسىزلىكى ئارىسىدىكى زىددىيەت ياكى ئىگىلىك تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويۇش بىلەن ياكى كىشىلەرنىڭ پات-پات ماكانسىز قېلىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

كىگىزنىڭ كەشپ قىلىنىشى يېڭى بىر خىل بىناكارلىق ماتېرىيالىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى بولۇپ، شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىر نەچچە پارچە كىگىز، بىر مۇنچە كېرىگۇ تاياق ۋە ئارغامچىلاردىن قۇراشتۇرۇلىدىغان بىر خىل يېڭى تىپتىكى تۇرالغۇ — كىگىز ئۆينىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى شۈبھىسىز. بۇنداق كىگىز ئۆيلەرنى خالىغان جايغا قۇراشتۇرۇپ، يېڭى تۇرالغۇغا ئېرىشكىلى، خالىغان چاغدا چۇۋۇپ، ئات خېچىرلارغا يۈكلەپ يۆتكەپ كەتكىلى بولىدۇ.

قۇراشتۇرۇش ئاسان بولۇش، چۇۋۇش ئاسان بولۇش، يۆتكەش ئاسان بولۇش — كىگىز ئۆيلەرگە خاس بولغان ئەۋزەللىك بولۇپ، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ پەسىل، كلىمات ۋە ئوت-سۇ ئەھۋالىغا قاراپ كۆچۈپ يۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان يۆتكەلمە خاراكتېرىگە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. كىگىز ئۆيلەرنىڭ بۇنداق روشەن ئەۋزەللىكى ئەجدادلىرىمىزنى ئۆڭكۈر، گەمە، ساتمىلاردىن چىقىپ، تېخىمۇ كەڭ ۋە ئۇزاق جايلاردىكى يايلاق، ئورمانلارغا بېرىپ ماكان تۇتۇپ، ئۇ جايلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە، تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى ئاۋۇتۇپ، بارغانسېرى روناق تېپىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىشى، ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شەھەر-يېزىلاردا مۇقىم ئولتۇراقلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىگىز ئاساسىي ماتېرىيال قىلىنغان چېدىر ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى توپا-ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئىگىلىگەن. شۇنداقتىمۇ چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان تاغلىق رايونلاردا كىگىز چېدىر ئۆيلەر يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. چېدىر ئۆيلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈش شەكلىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ھاسىل قىلىنغان «مېھراب گۈل» نۇسخىلىرى، مېھراب شەكىللىك گۈمبەز، تەكچە، ئويۇق، ئەگمە ئىشىك، دېرىزە قۇرۇلمىلىرى ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ۋە نەقىشكەرلىكىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تۆتىنچىدىن، كىگىزنىڭ كەشپ قىلىنىشى ئات قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ھەقىقىي تۈردە قاتناش قورالىغا ئايلاندۇرۇلۇشىنى ماددىي ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلاغ ترانسپورت مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشىغا ئاساس سالغان، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئات قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنى كۆندۈرۈشنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئاساسەن بىردەك بولسىمۇ، ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈش تارىخى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى «ئىنسانلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ ئات مىنىش تارىخى 3000 يىلدىن ئاشمايدۇ» دەپ ھېسابلىسا، بەزىلىرى «ئات مىنىش تېخنىكىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10 مىڭ يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە بارلىققا كەلگەن» دەپ قارايدۇ④. بۇ ھەقتىكى قاراشلاردىكى ئىختىلاپنىڭ بۇنچىلىك چوڭ بولۇشىغا ئات قاتارلىق ھايۋانلارنى «كۆندۈرۈش» ئۇقۇمىنى چۈشىنىشتىكى مۇجمەللىك سەۋەب بولغان. ئات-تۆگە، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆش، سۈت، تېرىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆي ھايۋىنى سۈپىتىدە كۆندۈرۈلگىنىگە 10 مىڭ يىلدىن ئارتۇق بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئارىلىقتا ئۇلارنى قىسمەن چاغلاردا يايداق ھالەتتە ياكى تېرە سېلىپ مىنىشمۇ بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي «ترانسپورت ئۇلىغى» ۋە «جەڭگىۋار ھايۋان (جەڭ ئېتى)» سۈپىتىدە كۆندۈرۈلۈشىنى مۆلە-توقۇمسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئات قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنى يايداق ياكى تېرە سېلىپ مىنگىلى بولسىمۇ، ئۇزاق بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدۇ، كۆپرەك يۈك ئارتقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۈرئىتىدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. پەقەت مۆلە، ئېگەر، توقۇم قاتارلىقلارنى توقۇپ، تۆشباغ ۋە قۇشقۇن ئارقىلىق ئۇلارنى ھايۋانلارنىڭ ئۇچىسىغا مۇستەھكەم بېكىتكەندىلا ئاندىن بۇ ھايۋانلاردىن ھەقىقىي تۈردە مىنىك ئۇلىغى، ترانسپورت ئۇلىغى ۋە جەڭگىۋار ئۇلاغ سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى مۆلە، توقۇملار بىردەك كىگىزنى قاتمۇقات تىزىپ تىكىلىدۇ. ئېگەرنىڭ ئاستىغا «تەرلىك» دەپ ئاتىلىدىغان كىگىز سېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، كىگىزنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئات قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنى ھەقىقىي تۈردە ترانسپورت ئۇلىغى، ئەسكىرىي ئۇلاغقا ئايلاندۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. شۇڭا ئات قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنىڭ «مال» سۈپىتىدە كۆندۈرۈلۈش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن «ئۇلاغ» سۈپىتىدە كۆندۈرۈلۈش تارىخى كىگىزنىڭ كەشىپ قىلىنغان دەۋردىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ.

بەشىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا كىگىز ئەڭ دەسلەپكى كەشتە ۋە نەقىش تەگلىكى بولغان. يەنى، ئەڭ دەسلەپكى كەشتىچىلىك كىگىز پايپاقلارنىڭ قونچىغا تىكمە كەشتە ۋە قۇراق كەشتە تىكىشتىن باشلانغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە سىدام كىگىزلەر، پىشۇرما گۈللۈك كىگىز ۋە تامغا باسما گۈللۈك كىگىزلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەگلىك ماتېرىيالى قىلىنغان.

ئۇ يەنە كېيىنكى دەۋرلەردە تېخىمۇ نەپىس بولغان زىلچا گىلەملەرنىڭ، توقۇلما رەختلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، رەختلەردىن قۇراق كەشتە، تىكمە كەشتە، سىزما كەشتە بۇيۇملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا ئۆرنەك ئاساسى، تېخنىكىلىق ئاساس ۋە ماھارەت ئاساسى ھازىرلاپ بەرگەن.

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تېزلىشىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى، ئېستېتىك ئىستېمال تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىشى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار تۈپەيلىدىن، ھازىر ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كىگىز كىيىملەرنى كىيىش ئاساسەن تۈگەپ كەتتى، كىگىزنى سېلىنچا قىلىش كۆپ ئازايدى. كىگىزچىلىك كەسپى جىددىي خىرىسقا دۇچ كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى ۋە مەھسۇلاتلىرى بارغانسېرى ئازايدى، بۇ رىقابەتتە ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغىمۇ بىر نېمە دېمەك تەس.

لېكىن كىگىزنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە كىگىز مەھسۇلاتلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىلىش تارىخى، ھۈنەر-سەنئەت، تېخنىكا تارىخى، ئۆرپ-ئادەت تارىخى، قىسقىسى پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە بولۇپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئوبيېكتىپ ۋە ئادىل باھا بېرىش ناھايىتى مۇھىم.

ئىزاھلار:

① ③ ④ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى بايقاشلار». خەنزۇچە. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1995-يىل 1-نەشرى، 92-، 101-، 421-، 468-، 93-بەت.

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1997-يىل، 3-، 4-بىرلەشمە سان، 32-، 57-بەتلەر.

④ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2009-يىل 2-سان، 81-، 82-بەت.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل جابدۇقلىرى



قەدىرگۇل مەمەت

ئۇسسۇل — فولكلورغا مەنسۇپ بولغان بىر خىل سەنئەت ئۆرپ-ئادەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خەلق روھىنىڭ ئەڭ كەڭ ئاممۇبىلاشقان تىپىك بەدىئىي كۆرۈنۈشى، سەنئەت ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ سىستېمىلاشقان مۇجەسسەمى. ئۇسسۇل بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنسانىي مۇھەببەت، گۈزەل ئارزۇ-تىلەكلەر، كىشىلىك ھاياتتىكى شاد-خۇراملىق، ھەسرەت-نادامەت، جۇدالىق، بىرلىك-ئىناقلىق، كۆڭۈل ئازادىلىك، مۇڭ-پىغان، غەزەپ-نەپرەت، زۇلۇم-كۈلپەتلەرنى بايان قىلىدۇ. ئۇسسۇلچىنىڭ بۇ خىل ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتە ئۇسسۇل جابدۇقلىرىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە رول ئوينايدۇ. ئۇسسۇل جابدۇقلىرى — ئۇسسۇلچى (رەققاس) ئۇسسۇل ئورۇندىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىدىغان جابدۇقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ئۇسسۇل ئورۇندىغان ۋاقىتتىكى مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇسسۇل ئورۇنداش جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. سەھنە سەنئىتى بولغان ئۇسسۇل ئەسەرلىرىدە ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىدا بەزى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى بولغان، ئۇسسۇل جابدۇقلىرىغا شۇ مىللەتنىڭ شۇ ئۇسسۇلى ئىجاد قىلىنغان ۋاقىتتىكى ئىگىلىك شەكلى ۋە دىنىي ئېتىقادىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىرى بولىدۇ. مەسىلەن، قامچىنى مىسالغا ئالساق، قامچا ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە ۋە تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوخشاش ئەمەس. ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھۈنەرۋەنلىرىنىشتىن، بەزىلىرى ئويۇن-تاماشىدىن، بەزىلىرى دىنىي مۇراسىملاردىن، يەنە بەزىلىرى تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، جەڭ قوراللىرىدىن كەلگەن. ئەمما بەزى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى مەخسۇس ئۇسسۇل ئۈچۈنلا ئىجاد قىلىنغان.

**بىرىنچى، جابدۇقلارنىڭ تۈرى**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلارنى نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى، ئۇلارنى تەۋەلىكىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) تۇرمۇش بۇيۇمى تۈرىدىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى: چىراغ، يەل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



پۇگۇچ، قول ياغلىق، پوتا، پىيالە، چىنە-قاچا، تەخسە، كونلۇك، قامچا، سېۋەت، پولۇق (كىچىك سېۋەت)، تەگنە... قاتارلىقلار. ئۇيغۇرلاردا «پىيالە ئۇسسۇلى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇسسۇل بار بولۇپ، بۇ ئۇسسۇلدا ئۇسسۇلچى ئۇسسۇلنى بىر نەچچە پىيالىنى بېشىغا قويۇپ ئوينايدۇ.

(2) ئىشلەپچىقىرىش قورال-سايمانلىرى تۈرىدىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى: كەتمەن، ئورغاق، ئەلگەك... قاتارلىقلار. بۇ تۈردىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى دەسلەپتە ئەمگەك قوراللىرى بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە سەھنىلەردە ئېلىپ چىقىلىپ، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەمگەك ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە، روشەن ئىپادىلىشىگە ياردەم بەرگەن. بۇ تۈردىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ئىشلىتىلگەن ئۇسسۇللار كىشىلەرگە شۇ قايناق-تاشقىنلىق ئەمگەك مۇھىتىدا تۇرۇۋاتقاندەك تەسىر بېرىدۇ. بۇ خىل ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قانداق ئىشلىتىلگەن بولسا ئۇسسۇل سەنئىتىدىمۇ شۇ خىل ھەرىكەتنى نامايان قىلىدۇ.

(3) چالغۇ ئەسۋاب تۈرىدىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى: نەي، داپ، ساتار، تەمبۇر، راۋاب... ساپايى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ خىل جابدۇقلار گەرچە چېلىنمىسىمۇ، لېكىن ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدە چالغانغا ئوخشاش ھەرىكەتلەر قىلىنىدۇ.

(4) قورال-ياراغ تۈرىدىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى: قىلىچ، خەنجەر، ئوقيا... قاتارلىقلار. بۇ تۈردىكى جابدۇقلار ئاساسەن خەلقنىڭ جەڭگىۋارلىقى، جەڭ مەيدانىدىكى باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(5) تەقلىدىي ھايۋانلار تۈرىدىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى: ئېشەك، قۇش، بۈركۈت، قارچىغا، توز، بېلىق... قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ جەرەن ئۇسسۇلى، ئۆچكە ئۇسسۇلى، توخۇ ئۇسسۇلى، يولۋاس ئۇسسۇلى... قاتارلىق ئۇسسۇللاردا ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

(6) ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى: گۈل، چىۋىق، نوتا... قاتارلىقلار. بۇ تۈردىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ قانداق بولۇشى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزى ياشىغان جۇغراپىيەلىك شەرت-شارائىتى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار گۈلنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. ئادەتتە ئۇسسۇل ئوينىغاندا قولىغا گۈل قىستۇرۇۋالىدىغان، گۈلنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ۋە قوش كىشىلىك ئۇسسۇللاردا يىگىتلەر قىزلارغا گۈل سوۋغا قىلىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى دائىم ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنى ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) قولدا تۇتۇۋېلىنىدىغان تۈردىكىلىرى: كۆپ قىسىم ئۇسسۇل جابدۇقلىرى قولدا تۇتۇۋېلىنىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئاساسلىقى يەلپۇگۇچ، قول ياغلىق، گۈل... قاتارلىقلاردۇر.

(2) بېشىدا قويۇۋالىدىغان تۈردىكىلىرى: تەخسە، پىيالە، كومزەك، سېۋەت... قاتارلىقلار. بەزى ئۇسسۇللاردا ئۇسسۇل جابدۇقلىرى بېشىدا قويۇپ ئوينىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى بەدىنىنى ناھايىتى تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇتۇپ، بېشىدىكى نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويماي ئويناشتەك يۇقىرى ماھارىتى نامايان قىلىنىدۇ.

(3) بەدەنگە باغلىۋېلىنىدىغان تۈردىكىلىرى: ھارۋا، تور جاھازىسى، بەل دۇمبىقى؛

(4) پۇت، قولنىڭ بېغىشىغا باغلىۋالىدىغان تۈردىكىلىرى: قولنىڭ بېشىغا باغلىۋالىدىغان قوڭغۇراق، پۇتنىڭ بېغىشىغا باغلىنىدىغان قوڭغۇراق... قاتارلىقلار؛

(5) نىقاب تۈردىكىلىرى: چۈمبەل، ياغلىق ۋە باشقا ھەر خىل نىقابلار.

بۇلاردىن باشقا يەنە تۇرمۇش ۋە ئەمگەك قوراللىرى تۈرىدىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى، ئابستراكت جابدۇقلار، خەلق ئۇسسۇلى جابدۇقلىرى، ئارتىسنىڭ بەدىنىدىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ۋە ئارتىسنىڭ بەدىنىنىڭ سىرتىدىكى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى دەپ بەش تۈرگە ئايرىيدىغان ئەھۋاللار بار.

**ئىككىنچى، ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ۋە ئۇسسۇل ھەرىكىتى**

ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ئىشلىتىلىدىغان ئۇسسۇللاردا قول ۋە ئالقاننىڭ ھەرىكىتى نىسبەتەن ئازراق بولىدۇ ھەمدە ئۇسسۇلچىلار ئارىسىدا قول تارتىشىش ھەرىكەتلىرىنى ئىشلىگىلى بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇسسۇل جابدۇق-

لىرى ئارقىلىق تەقلىدىي ۋە سىمۋوللۇق ھەرىكەتلەرنى كۆرۈنداپ ئۇسسۇلنىڭ مەنىسىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ، ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ شەكلىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ ھەرىكىتى مەلۇم مەزگىللەردىن كېيىن ئۇسسۇل تىلىغا ئايلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇسسۇل جابدۇقلىرى يەڭگىل بولۇپ، ئۇسسۇلچىنىڭ قولىدا كۆتۈرۈشى ياكى ئىشلىشىغا قولايلىق. شۇڭا ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ئادەتتە ئانچە چوڭ، ئېغىر بولمايدۇ. ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تەقلىد قىلىپ ياسالغان نەرسىلەر بولىسمۇ، ئەمما بىر قىسىم چالغۇ ئەسۋابلار ھەقىقىي نەرسىلەردۇر، نۇرغۇن ئۇسسۇل جابدۇقلىرى پىششىقلاشتىن ئۆتكەن، مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ۋە شەكلى ئۆزگەرتىلگەن بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ مىللىيلىكى

ئۇسسۇل جابدۇقلىرى بىر مىللەتنىڭ مۇھىم ۋە تىپىك بولغان مەدەنىيەت بەلگىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىكى سىمۋوللۇق مەنە ۋە قويۇق سەنئەتلىك تۈسى بىلەن ئۇسسۇلنى ئېخمۇ رەڭدار قىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە ياشىغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ شەكلى، تۈرى ۋە سىمۋوللۇق مەنىلىرىدە بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلەر بولىدۇ.

بەشىنچى، ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ رولى

ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ ئۇسسۇلنىڭ مەزمۇنى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار بولۇپ خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى بەزى دېتاللار شۇ جابدۇقلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئوبراز يارىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ياغلىق (چۇمبەل)، يەلپۈگۈچ يەڭ، شارپا قارلىق بەزى ئابستراكت ئۇسسۇل جابدۇقلىرى مەلۇم سىمۋوللۇق مەنىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ئۆرلەش-پەسىيىشىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى بوشلۇقتا ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە مەنزىرىلەرنى ھاسىل قىلىپ ئالاھىدە سەنئەت ئوبرازى يارىتىدۇ. قول ياغلىق، ئۇد ۋە باشقا چالغۇ ئەسۋاب تۈرىدىكى جابدۇقلارنىڭ كۆپ قىسمى خەلق ئۇسسۇلىدا بۇرۇندىن بار نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇسسۇلدا مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنىيەت مۇجەسسەمى سۈپىتىدە كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە مەنە ئىپادىلەش رولىغا ئىگە. ئۇسسۇلدا بەزى ئۇسسۇل جابدۇقلىرى بەدىنىگە باغلىۋېلىش ياكى يۆدۈۋېلىش ئارقىلىق بىر خىل كۈلكىلىك تۈس ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ ئۇسسۇلنى بىر خىل تىياتىرلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىدۇ، ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنىڭ ئۇسسۇل جەريانىدا ئىشلىتىلىشى شۇ مىللەت ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزگىچە ھەرىكەت قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنغان ئاساستا، يەنە ئۇسسۇل رىتىمىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى، سۈرئىتىنىڭ تېز - ئاستىلىقىغىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ ياكى ماسلىشىدۇ. ئۇسسۇل جابدۇقلىرى بەزى ئۇسسۇللارنىڭ ئاساسلىق تەسىرلەندۈرۈش ئامىلىغا ئايلانغان، ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ئۇسسۇلدىكى ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەش تەس بولغان ياكى مۇمكىن بولمايدىغان بەزى ھەرىكەت ۋە ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قىسقىسى، ئۇسسۇل جابدۇقلىرى سەھنە سەنئىتىدىكى ئوبراز يارىتىش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. ئۇسسۇل جابدۇقلىرى ھەمىشە ئۇسسۇل ئوبرازىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇسسۇلنىڭ مەنە ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇسسۇل سەنئىتى تەتقىقاتىدا ئۇسسۇل جابدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىشقا سەل قارىماسلىق لازىم.

پايدىلانمىلار:

1. پۇ يۈگۈاڭ: «ئۇسسۇل مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (خەنزۇچە). مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 70-، 72-بەتلەر.

2. [ئەنگلىيە] روبېرت لەيتون (لى دۇڭخۇا، ۋاڭ خوڭ تەرجىمىسى): «سەنئەت ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىل 1-ئاي 1-نەشرى.

3. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى 7-ئاي 1-نەشرى، 2-، 3-بەتلەر.

4. ھىمىت مېھرۇللا، لەتىپە قۇربان: «ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 126-بەت.

5. ئىنايەتۇللا: «ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي ئۆرنەكلىرى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى 1-ئاي نەشرى، 4-، 8-بەتلەر.

6. ئىنايەتۇللا: «ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىلى 2-ئاي 1-نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ مەدەنىيەت-سەنئەت مەكتىپىدە)

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلاردا مال-چارۋىلارغا ئەن سېلىش-تامغا بېسىش ئادىتى



ئابدۇقەييۇم مىجىت

**1. كىرىش**

چارۋىچىلىق — ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى تارىخى ئۇزاق ۋە ئاساسلىق ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ئىگىلىكىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. چارۋىچىلىقنىڭ ئوۋچىلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىشى ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ئىش تەقسىماتىدىكى بىر قېتىملىق غايەت زور ئۆزگىرىش ۋە ئىگىلىك شەكلىنىڭ كۆپ خىللىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. چارۋىچىلىق دۇنيادا كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى بولۇپ كەلگەن. ئىنسانشۇناسلار چارۋىچىلىقنى ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ تۆۋەن باسقۇچى (يېڭى تاش قورال دەۋرىدە)دا، ئەڭ ئاۋۋال غەربىي ئاسىيادا پەيدا بولغان ئىگىلىك شەكلى دەپ قارايدۇ. چارۋىچىلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قوي، ئىت قاتارلىق ھايۋانلار بېقىلغان بولسا، كېيىنكى مەزگىللەردە، كالا، تۆگە، ئات قاتارلىقلار بېقىلغان. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش يولىدا ئاڭلىق، ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈشى بىلەن چارۋىچىلىق كەسىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. چارۋىچىلىقنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى مال-چارۋىلارنى بېقىش ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىشتۇر. غەيرىي سانائەت جەمئىيەتلىرىدە زور كۆپ ساندىكى چارۋىچىلار كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولىدۇ. ئۇلار ئېنىق بەلگىلەنگەن رايوندا ئۆزلىرىنىڭ مال-چارۋىلىرىنى ئۇ يايلاقتىن بۇ يايلاققا كۆچۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆچۈش دەرىجىسى توپقا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ مۇھىت، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتنى بەلگىلەيدۇ. بۇ شارائىتلار بولسا كەسىپلىشىش دەرىجىسىنى، يەنى بىر مىللەت-

نىڭ چارۋىچىلىققا تايىنىپ كۆن كەچۈرۈش دەرىجىسىنى
بەلگىلەيدۇ. دۇنيادا پەقەت چارۋىچىلىققىلا تايىنىپ كۈن
كەچۈرىدىغان خەلقلەر تولىمۇ ئاز. ئۇيغۇرلاردىكى «چار-
ۋىچىلىق كۆچە-كۆچە، دېھقانچىلىق كۈندۈز-كېچە»
دېگەن ماقالىمۇ چارۋىچىلىق ئىگىلىك شەكلىنىڭ كۆچمەن-
لىك خاراكتېرىنى نامايان قىلغان، ئادەتتە چارۋىچىلارنىڭ
تۇرمۇشى تولىمۇ تۇراقسىز بولىدۇ. ئۇلار چارۋىچىلىقنى
ئىگىلىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇھىتنىڭ بىقارار ئۆز-
گىرىپ تۇرۇشى — ئىسسىق، سوغۇق، سۇ كەمچىل
بولۇش، ئوت-چۆپ كەم بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارغا چىدى-
شى ۋە ماسلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
ئۆزلىرى چارۋىچىلىق قىلىپ ئېرىشكەن مەھسۇلاتلارنى
كىيىم-كېچەك، قورال-ياراغ ۋە يېمەكلىكلەرگە ئالماشتۇ-
رۇش ئۈچۈن باشقا توپ (ياكى بازار)نىڭ ھەر خىل، ھەر
قىسما ئۆزگىرىپ تۇرۇشلىرىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك.
كۆپ قىسىم چارۋىچىلار كەسپلىشىش دەرىجىسى قانداق
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئاساسلىقى ھايۋانات مەھ-
سۇلاتلىرىغا تايىنىپ ئەمەس، ئاشلىققا تايىنىپ كۈن كەچۈ-
رىدۇ. ھەر خىل چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ
ئوخشاش بولمىغان مۇھىتقا ماسلىشىش ئەندىزىلىرى بول-
دۇ. تېرىقچىلىق ۋە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش بىرلەشكەن
يېزا ئىگىلىكى كەسپلەشكەن چارۋىچىلىقتىن بۇرۇن پەيدا
بولغان. ئارىلاشما دېھقانچىلىق بىر خىل كۆپ فۇنكسىيە-
لىك ئىستراتېگىيە بولۇپ، ئۇ قۇرغاقچىلىق، زىرائەتلەرنىڭ
ھوسۇلى كېمىيىپ كېتىش، كېسەللىك ۋە باشقا ھەر خىل
تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ. مۇبادا چارۋىلار
يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ كەتسە زىرائەتلەر قال-
دۇ. ئەگەر زىرائەتلەردىن ھوسۇل ئالغىلى بولمىسا، چارۋا-
ماللار ئارقىلىق يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەپ قىيىن ئۆتكەل-
دىن ئۆتتۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىم دېھقانچ-
لىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىق ئىگىلىكىمۇ مۇشۇ خىل ئالاھ-
دىلىكلەرگە ئىگە. كىشىلەر ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنى ئۆز-
گەرتەلمەيدۇ، سۇغىرىش بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىس-
مۇ، يەنە بەزى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەر
تېخىمۇ كەسپلەشكەن يەردىن پايدىلىنىش ۋە ئىش تەقسى-
ماتى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چار-
ۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىغاندا دېھقانچىلىق رايونلىرىدا نو-
پۇسنىڭ كۆپىيىشى نىسبەتەن تېز بولىدۇ. چۈنكى سۇغى-
رىش مەھسۇلات مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نوپۇسنىڭ
كۆپىيىشى ۋە ئولتۇراقلىشىش رايونلىرىنىڭ كېڭىيىشىنى
ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق قىلى-
نىدىغان يەرنىڭ كۆپىيىشى چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرنىڭ
كېمىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا
سۇ، يەر تالىشىش جېدەل-ماجىرالىرى كۆپرەك يۈز
بەرسە، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يايلاق تالىشىش ماجىرال-
رى كۆپرەك يۈز بېرىدۇ. بۇ ماھىيەتتە بۇ ئىككى خىل ئى-
گىلىك شەكلى ئۈچۈن نېمىنىڭ ئەڭ مۇھىملىقىدىن دېرەك
بېرىدۇ. چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت بۇ
ئىككى ئىگىلىك شەكلى بەزى نۇقتىلاردا بىر-بىرىنى تو-
لۇقلايدۇ. مەسىلەن، دېھقانچىلىقتىن چىققان ئوت، سامان،
پاسار... قاتارلىق يەم خەشەكلەر مال-چارۋىلارغا ئوزۇق
قىلىنسا، چارۋىچىلىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مال-چارۋى-
لارنىڭ قىغلىرى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۈچۈن ئوغۇت
بولىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا بىر خىل مەدەنىيەت شەكلى-
لەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ
كېتىدىغان مەدەنىيەت توپى ياكى مەدەنىيەت كەنجى تۈر-
لىرى پەيدا بولغان. مەسىلەن، بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلە
ئەڭ دەسلەپتە ئاتنى كۆندۈرۈشنى بىلگەن بولسا، ئات
مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئاتنىڭ فۇنكسىيە-
سىنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان مەدەنىيەت توپى شە-
كىللەنگەن. ئات بېقىش بىلەن ئېغىل، ئوقۇر، غۇلاق (ئات
باغلايدىغان) قوزۇق پەيدا بولغان بولسا، ئات مىنىش ئېھ-
تىياجى بىلەن چۇلۇۋۇر (ئارغامچا)، يۈگەن، ئېغىزدۇرۇق،
ئېگەر، ئۈزەڭگە، قامچا پەيدا بولغان، ئات ترانسپورتى
ئات هارۋىسى، ئات جابدۇقلىرى، تاشيوللارنى تەرەققىي
قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتلىق ئەسكەرلەر ملتىقى،
قىلىچ... قاتارلىقلار ئات مەدەنىيىتىنى چۆرىدەپ پەيدا
بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان.

تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ بىر مەزگىل
چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ،
تېرىم مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنمۇ چارۋىچىلىقنى
تاشلىۋەتمەستىن، ئۇنى بىر خىل قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپى-
تىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ
چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت بىر خىل يەككە ئىگىلىك شەكلى-
دىلا تۇرۇۋالماستىن، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلىنى تاللىشى
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئالغا

سۇرگەن. يەككە ئىگىلىك شەكلىگە قارىغاندا كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلىدە تاللاش مۇمكىنچىلىكى ۋە ھاياتلىق ئىمكانىيەتلىرى كۆپ بولىدۇ. «شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ تارىخى ئۇزاق، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپلا شىنجاڭدا ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولغان. بۇ ھال بىخ ھالىتىدىكى قەدىمىي چارۋىچىلىقنى شەكىللەندۈرگەن» ①. خەنزۇچە مەنبەلەردە، ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچى خەلق بولۇپ، «مۇقىم ئولتۇراقلاشماي سۇ، ئوت-چۆپ قوغلىشىپ يۈرەتتى»② دېيىلگەن. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمۇ چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى شەكىللەنگەندىن كېيىن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى چۆرىدىگەن ئاساستا نۇرغۇن مەدەنىيەت تۈپلىرى شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىكى مال - چارۋىلارغا ئەن سېلىش، تامغا بېسىش ئادىتىمۇ چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «چارۋىلار بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە ياكى يوقىلىپ كەتسە ئوڭاي تونۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆز ماللىرىغا ئوخشاشمىغان بەلگە نىشانى قويۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تامغا پەيدا بولدى، بۇ خىل تامغا تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، ئوتتا قىزىتىلىپ ماللارنىڭ ئوڭ ياكى سول ساغرىسىغا بېسىلىدۇ. بەلگە-نىشاننىڭ ‹ئەن› دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۈرىمۇ بولغان. بۇ قوي، ئۆچكە قاتارلىق ئۇششاق ماللار ئۈچۈن قوللىنىلغان، ئۇششاق ماللارنىڭ ئوڭ ياكى سول قۇلىقى ئوخشاشمىغان شەكىلدە كېسىلىپ ياكى تىلىنىپ قىلىنىپ بەلگە ‹ئەن سېلىش› دەپ ئاتالغان. شەخسلەرنىڭ ماللىرى يوقىلىپ كەتسە ياكى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە ئەنە شۇ ئەنگە قاراپ تونۇۋالغان» ③. ئۇيغۇر چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدە مال - چارۋىلارغا ئەن سېلىش ئادىتى بىر خىل تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە. ئەن — قوي، ئۆچكە، كالا، ئات... قاتارلىق ھايۋانلارنى تونۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلىقى، ساغرىسى، يوتىسى، قاششىرىغا سېلىنىدىغان بەلگە، نىشانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئەن، بەلگە-تامغىلار شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىش، ئايرىمىسىنى بىلدۈرۈش، تونۇشلۇق بولۇش ۋە پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ئەن، بەلگەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى، ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدىكى رولى، ئەن، بەلگىلەر بىلەن ئۇ كۆرسەتكەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت... قاتارلىقلارنى بەلگىشۇناسلىق (سېمىئولوگىيە)، سىمۋول ئىنسانشۇناسلىقى ۋە شەرھىي ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى زور.

**2. مال - چارۋىلارغا ئەن سېلىش ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى**

مال - چارۋىلارغا ئەن سېلىش ئادىتىنىڭ ئىنسانلارغا، جۇملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا قاچاندىن تارتىپ باشلانغانلىقى ھەققىدە ئېنىق دەلىل-پاكىتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداقتىمۇ مال - چارۋىلارغا ئەن سېلىش ئادىتىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى ۋە شەكىللىنىش سەۋەبلىرىنى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت قاتلاملىرى، تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا باغلاپ قىياس قىلىشقا ۋە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. ئەن سېلىش ئادىتى ئىنسانلاردا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئېڭى شەكىللەنگەندىن كېيىن پەيدا بولغانلىقى ئېنىق. ئەن مەلۇم مەنىدە ئەن سېلىنغان مال چارۋىنىڭ ئەن سالغۇچىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى بىر خىل ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بەلگىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك شەكلى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار تارىختا ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچى ۋە يېرىم دېھقان، يېرىم چارۋىچى خەلق ئىكەنلىكىنى تولۇق دەلىللەيدۇ. شىنجاڭدا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ باشلانغان دەۋرى ھەققىدە ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىملار «شىنجاڭدا چارۋىچىلىق ئەڭ كېيىن دېگەندە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ»④ دەيدۇ. يېڭى تاش قوراللار دەۋرى تەخمىنەن 7000 ـ 8000 يىلدىن بۇرۇن باشلانغان. تەتقىقاتچى ئابدۇرەھىم ھەببۇللا تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ، «ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىزنى بۇنىڭدىن 4700 يىل بۇرۇنلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دېيىشكە بولىدۇ»⑤ دەيدۇ. چارۋىچىلىق قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ بەزى ياۋاش ئوۋ ھايۋانلىرىنى قولغا كۆندۈرۈپ، ئائىلە ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ بېقىشى، پەرۋىش قىلىشى ۋە ئۆستۈرۈشىدىن كېلىپ چىققان. ئىنسانلاردا مال-چارۋىلار كۆپىيىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ھەممىدىن مال-چارۋىلىرىنى بىر يايلاقتا بىللە باقسا ئۇلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭكىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. بۇنداق ھادىسىلەر بىر قانچە قېتىم

يۇز بەرگەندىن كېيىن، پادىچىلار، چارۋىدارلار مال- چارۋىلار ئارىلىشىپ كەتسىمۇ، ئۇنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھەققىدە ئويلانغان. كېيىن مال - چارۋىلارنىڭ بەدىنىگە ھەر خىل نەرسىلەرنى ئېسىپ قويۇش، بوياقلارنى سۈرتۈپ قويۇش... قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مال - چارۋىلىرى بىلەن باشقىلارنىڭكىنى پەرقلەندۈرگەن بولسىمۇ، مال- چارۋىلار ئوتلاش جەريانىدا ئېسىپ قويغان نەرسىلەر چۈشۈپ قالغان، يۇڭنى قىرقىغاندا بوياقلار چۈشۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئاسان چىقىپ كەتمەيدىغان نەرسىلەر بىلەن بەلگە قىلىشقا تىرىشقان. بۇ تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە ئەن، تامغىلار بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولغان قاڭقىللار، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مال - چارۋىلىرىغا ئەن، تامغىلارنى ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىنمۇ مەلۇم. مەسىلەن، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»گە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى باي قاڭقىل ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ چوڭ ئات پادىلىرى ۋە سان- ساناقسىز كالا، قويلىرى بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەركىمنىڭ چارۋىلىرىغا ئۆزلىرى بىلىشىدىغان بەلگىلەرنى ئەن قىلىپ سالغاچقا، مەيلى قوتاندا بولسۇن ياكى دالىدا بولسۇن ھېچكىم- ھېچكىمنىڭكىنى ئېلىۋالمايتتى»⑥، دېيىلگەن بولسا، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مال - چارۋىلىرى ئىنتايىن كۆپ، بايلارنىڭ چارۋىلىرى نەچچە تۈمەندىن ئاشىدۇ. ئۇلارنى چارۋىلارنى رەڭگىگە قاراپ تۈرگە ئايرىپ باقىدۇ، بەزىلىرىگە تامغا بېسىلىدۇ...»⑦ دېيىلگەن. بەي جۈيى تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە بېرىپ ئات سودىسى قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغان بىر شېئىرىدا مۇنداق مىسرالارنى قالدۇرىدۇ:

«چۆپ تۈگەيدۇ، بۇلاق قۇرۇپ، ئاتلار كېسەلدۇر،
باسقان تامغا ئورناپ كەتكەن ئۇستىخانىغىچە»⑧،

بۇ مىسرالار ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا ئات سودىسىنىڭ ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە بولىدىغانلىقى ۋە ئاتلارغا تامغا بېسىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاتچىلىق يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئات باقىدىغان ئوتلاق- يايلاقلىرى، ئاتلىرىغا باسىدىغان ئايرىم ئەن، تامغىلىرى بولغان. شۇڭا «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار»دا ئەينى دەۋردىكى 40 نەچچە قەبىلىنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۈرلىرى، تامغىلىرى ۋە بېقىلىدىغان يايلاقلىرىنىڭ ئەھۋالى خېلىلا كونكرېت خاتىرىلەنگەن. جۈملىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە قەبىلىلەر ۋە قارام قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرى ئالتە تۈرگە ئايرىلىپ، ئۇلارغا باسىدىغان ئەن، تامغىلار ئايرىم- ئايرىم كۆرسىتىپ بېرىلگەن»⑨ دەيدۇ. خەنزۇ تارىخنامىلەردىن پايدىلىنىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مال - چارۋىلىرىغا بېسىلغان ئەن، تامغىلاردىن خەۋەردار بولساق قاراخانىلار خانلىقى سۇلالىسى دەۋرىدىكى مال تامغىلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بىز «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە باشقا مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ كىتاب- ماتېرىياللىرىدىن تاپالايمىز. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ھەققىدە توختىلىپ «چارۋىچىلىقتا ئاساسلىقى ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار بېقىلاتتى. مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان، مەخسۇس چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان مىللەتلەرنىڭ ئات ۋە باشقا قارا ماللىرىغا مەخسۇس تامغا بېسىلاتتى»⑩ دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەپلا ئاتىلىدۇ) تە: «ئېنەتتى — ئەنلەتتى، ئەن سالدۇردى. ئول قويىن ئېنەتتى — ئۇ قويىنى ئەنلەتتى (ئېنەتتۇر - ئېنەتمەك)» (1 - توم، 288- بەت)؛ «ئېنەدى — ئەنلىدى، ئەن سالدى. ئول قويىن ئېنەدى- ئۇ قويىنى ئەنلىدى، يەنى قويىنىڭ قۇلىقىنىڭ بىر پارچىسىنى كېسىپ ئەن سالدى (ئېنەر- ئېنەمەك)» (3- توم، 351- بەت) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان «ئەن» سۆزىنىڭ مەنبەسىدۇر، شۇنداقلا مال - چارۋىلارغا قۇلىقىنى كېسىپ ئەن سېلىش ئۇسۇلىنىڭ ئەينى دەۋردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. «دىۋان»دا يەنە «داغ- داغ. ئات ۋە باشقا ماللارغا بېسىلىدىغان تامغا. پارسلار بۇ سۆزنى تۈركلەردىن ئالغان. بۇنى پارسچە سۆز دېيىشكە بولمايدۇ؛ ئۇلاردا تۈركلەرنىڭكىدەك چارۋا بولمىغاچقا، بۇنداق سۆزلەر نەدە بولسۇن؟ مەن بۇ سۆزنى مۇسۇلمانلار چېگرالىرىدىمۇ ئاڭلىدىم»

(3- توم، 209- بەت) دېيىلگەن. ئادەتتە قۇلقىنى كېسىپ ئەن سېلىش ئۇسۇلى ئاتلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئاتنىڭ كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ساغرىسىغا داغلاپ ئەن سېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا ئوغۇزلارنىڭ ماللىرىغا باسىدىغان ئەن، تامغىلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېيدۇ: «ئوغۇز — تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار 22 ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر- بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ.

بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى: قىنىق qiniq — قىنىق. زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر. ماللىرىنىڭ تامغىسى ( )

ئىككىنچىسى: قايىغ (qay∩q) قايىغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئۈچىنچىسى: بايۇندۇر bayundur — بايۇندۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

تۆتىنچىسى: ئىۋا yiva — ئىۋا. ئۇلار (يىۋا- يىۋا) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تامغىسى ( )

بەشىنچىسى: سالغۇر salγur — سالغۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئالتىنچىسى: ئافشار afšar — ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

يەتتىنچىسى: بەكتىلى bäktili — بەكتىلى. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

سەككىزىنچىسى: بۈگدۈز bügdüz — بۈگدۈز. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

توققۇزىنچىسى: بايات bayat — بايات. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئونىنچىسى: يازغۇر yazγ∩r — يازغىر. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئون بىرىنچىسى: ئەيمۇر yümür — ئەيمۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئون ئىككىنچىسى: قارا بۆلۈك qara bölük — قارا بۆلۈك. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئون ئۈچىنچىسى: ئالقا بۆلۈك alqa bölük — ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئون تۆتىنچىسى: ئىگدىر igdir — ئىگدىر، ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئون بەشىنچىسى: ئۈرەگىر- ئۈرەگىر ürägir ürägir — بۇلار (يۈرەگىر- يۈرەگىر) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئون ئالتىنچىسى: تۇتىرقا tutirqa — تۇتىرقا. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئون يەتتىنچىسى: ئۇلايۇندلۇغ ulayundluγ — ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئون سەككىزىنچىسى: تۈگەر tügär بۇ سۆز بەزىدە (-ۋاۋ) ھەرپى تاشلىنىپ، (تۈكەر) شەكلىدىمۇ يېزىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

ئون توققۇزىنچىسى: پەچەنەك päcänäk — پەچەنەك. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

يىگىرمىنچىسى: چۇۋۇلدار cuwuldar — چۇۋۇلدار. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

يىگىرمە بىرىنچىسى: چەبنى Cäbni — چەبنى. ئۇلارنىڭ تامغىسى ( )

يىگىرمە ئىككىنچىسى: چارۇقلۇغ caruqluγ — چارۇقلۇق. بۇلارنىڭ سانى ئاز، تامغىسى نامەلۇم. مەھمۇد ئېيتىدۇكى، كىشىلەر بۇ قەبىلىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى بىلىشكە موھتاج بولغاچقا، مەن ئۇلارنى بىرمۇ بىر يېزىپ چىقتىم. بۇ تامغىلار ئۇلارنىڭ ئات- ئۇلاق ۋە ماللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئارىلىشىپ كەتسە، شۇ بەلگىلەرگە قاراپ تونۇۋالىدۇ. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەنلىرىم ئوغۇزلارنىڭ تۈپ ئۇرۇقلىرىدۇر. بۇ ئۇرۇقلارنىڭ يەنە بىر مۇنچە ئايماقلىرى بار. گەپنى قىسقا قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئېيتىپ ئولتۇرمىدىم. بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرى ئۇلارنى قورغان ئەلك قەدىمكى بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىدۇر. ئەرەبلەردە (سەلىم ئوغۇللىرى)، (خەفاجە ئوغۇللىرى) دەپ يۇرگۈزۈلگىنىدەك، ئۇلارمۇ ئۆز نامىلىرىنى قەدىمكى ئاتا- بوۋىلىرىغا قاراپ شۇنداق يۇرگۈزىدۇ» (1- توم 77- ، 78- ، 79- ، 80- بەتلەر) دەپ خاتىرىلىگەن بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي خاتىرىلىگەن بۇ ئۇرۇق قەبىلىلەرنىڭ تامغىلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ ئۇلار مال - چارۋىلىرىغا باسقان ئەن، تامغىلارنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللاردۇر. «دىۋان»دا بۇلاردىن باشقا يەنە «تاغلادى- داغلىدى، تامغىلىدى، تامغا باستى. ئۇل ئاتىن تاغلادى- ئۇ ئېتىنى

داغلىدى- ئۇ ئېتنى داغلىدى، تامغىلىدى (تاغلار- تاغلاماق).
ئاتتىن باشقا هايۋانلارغا تامغا باسسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»
(3- توم، 402- بەت)؛ «تاغلاتتى ــ داغلاتتى، داغماللاتتى،
تامغىلاتتى. ئۇل ئاتىن تاغلاتتى- ئۇ ئېتىنى تامغىلاتتى
(تاغلاتۇر- تاغلاتماق)» (2- توم، 503- بەت) دەپ خاتىرد-
لەنگەن، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ بايانلىرىغا ئاساسەن
رىشات گەنچ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن 11- ئەسىردى-
كى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»
ناملىق كىتابىدا «تۈركىي خەلقلەر كەڭ كەتكەن بوز قىر-
لاردا ۋە ئوتلاقلاردا توپ- توپ ئاتلارنى خالىغانچە
قويۇپ بېرىشەتتى، باشقا هايۋانلارمۇ ئومۇمەن ياز ئايلى-
رىدا ئوخشاشلا ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى
ئېنىق. مانا مۇشۇنداق قويۇپ بېرىلگەن يىلقىنى ‹كۆك
يىلقى› ياكى ‹بوش يىلقى› دېيىشەتتى. شۇنچىلىك كۆپ
ئاتلارنى بىر- بىرىدىن ئايرىش ۋە قايسى ئاتلارنىڭ كىمە-
لەرگە ياكى قايسى قەبىلىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىش
ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك هالدا ئاتلارنىڭ ساغرىسىغا ياكى
باشقا يەرلىرىگە بەلگىلىك تامغىلار بېسىلاتتى. تۆمۈرنى
ئوتتا قىزدۇرۇپ تامغا بېسىشنى هازىرقىدەكلا ‹داغلاش›
دېيىشەتتى»⑪. «قويلارغىمۇ ئات ۋە باشقا هايۋانلارغا
ئوخشاش داغلاش ئارقىلىق تامغىلار بېسىلاتتى... قويلار-
نىڭ بىلىنىپ تۇرۇشى ۋە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىش
ئۈچۈن بەزىدە قۇلاقلىرىنىڭ ئۇچى مەلۇم دەرىجىدە كې-
سىلەتتى ۋە بۇ ئىش ‹قوي ئەنەمەك› دېيىلەتتى»⑫
دەيدۇ. لى جىنشىن ئەپەندىمۇ «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام
خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا قاراخانى-
لار خانلىقىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى هەققىدە توختىلىپ،
«چارۋىچىلىقتا ئاساسلىق قوي، ئات، كالا، تۆگە ۋە
ئېشەك قاتارلىقلار بېقىلاتتى. كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر
ئىچىدە ئات ۋە باشقا چوڭ چارۋىلار مەخسۇس تامغا ئۇ-
رۇلۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلەتتى»⑬ دەيدۇ. بۇ خاتى-
رىلەردىن قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ زور
كۆپ قىسمى مۇقىم تولىراق دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا قەدەم
قويۇپ بولغان بولسىمۇ، چارۋىچىلىقنىڭ قوشۇمچە ئىگى-
لىك سۈپىتىدە داۋاملىشىۋاتقانلىقى ۋە مال - چارۋىلارغا
ئەن، تامغا سېلىش ئادىتىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋات-
قانلىقىنى دەلىللەيدۇ. «ئىران تارىخچىسى رەشىدىددىن
(1247 ــ 1318) نىڭ ‹جامىئۇل تەۋارىخ› ناملىق ئەسىرد-
دە، ئوغۇزخاننىڭ كۈنخان، ئايخان، يۇلتۇزخان، تاغخان،
دېڭىزخان قاتارلىق ئالتە ئوغلىدىن بولغان 24 نەۋرىسى-
نىڭ 24 ئۇرۇقنى تەشكىل قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق
ناملىرى، مەنىسى، ئونگون (توتېم ۋە تېۋىنىدىغان قۇش)
لىرى، خاس بەلگە ۋە تامغىلىرىنى بىرمۇ بىر شەرھلەيدۇ.
مەسىلەن:

1) قايى (qayi)، مەنىسى ‹مەھكەم›، تامغىسى:
ئونگونى: شۇڭقار.

2) بايات (bayat)، مەنىسى ‹دۆلەتلىك› تامغىسى:
ئونگونى: ئۆكە.

3) يەزىر (yazr)، مەنىسى ‹ئۇيۇشقاق›، تامغىسى:
ئونگونى: لاچىن.

4) سالۇر (salur) مەنىسى ‹كۈچتۈڭگۈر›، تامغىسى:
ئونگونى: تېكە.

5) بایاندۇر (bayandur)، مەنىسى ‹باياشات› تامغى-
سى: ئونگونى: شۇڭقار ⑭.

«جامىئۇل تەۋارىخ»تىكى بۇ بايانلار «ئوغۇزنامە»-
دىكى ئوغۇز خاقاننىڭ ئوغۇللىرىغا كۈنخان، ئايخان، يۇل-
تۇزخان، تاغخان، دېڭىزخان... دېگەن ئىسىملارنى قويد-
غانلىقى، ئوغۇز خاقاننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ شۇلار ئارقىلىق
كۆپىيىپ، ئاۋۇغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار بىلەن بىر-
دەكلىككە ئىگە. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىۋە خانلىقى
(1512 ــ 1920)نىڭ هۆكۈمرانلىرىدىن ئەبۇلغازى باهادىر-
خان (1643 ــ 1663)مۇ ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە»
ناملىق ئەسىرىدە، رەشىدىددىننىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىنى
ئەينەن تەكرارلايدۇ. مەسىلەن:

1) قايى (qayi)نىڭ مەنىسى ‹مەھكەم›، تامغىسى:
ئونگونى: شۇڭقار.

2) بايات (bayat)نىڭ مەنىسى ‹دۆلەتمەن›، تامغى-
سى: ئونگونى: ئۆكە.

3) ئالقا ئۆيلۈ (alqa öylü)نىڭ مەنىسى ‹مۇۋاپىق›،
تامغىسى: ئونگونى: كۆكنەك.

4) قارا ئۆيلۈ (qara öylü)نىڭ مەنىسى ‹قەيەردە
ئولتۇرسا چېدىر تىكىپ ئولتۇرغۇچى›، تامغىسى قامچىغا
ئوخشايدۇ: ئونگونى: كۆبۈك/ كۆبەك (ئاق شۇڭقار).

5) سارى يازىر (sari yazir)نىڭ مەنىسى ‹ئەل ئاغا-
سى›، تامغىسى: ئونگونى: تۇرۇمتاي.

6) ياسىر (yasir)نىڭ مەنىسى: ‹غالىبىيەتچى›، تامغى-

www.uyghurkitap.com



سى: ئونگونى: قۇرغۇي.

7) دۇدۇرغا (dudurγa)نىڭ مەنىسى ‹يۇرتنى ئالماق ۋە ساقلىماقنى بىلگۈچى›، تامغىسى: ئونگونى: قىزىل قارچىغاي.

8) دۈكەر (dükär)نىڭ مەنىسى: تۆگەرەك/تۇرۇك›، يەنى توپلانغان تامغىسى: ئونگونى: كۆگۈرچكەن (تازقارا، قۇماي).

9) ئاۋشار (avšar)نىڭ مەنىسى: ‹ئىشنى ئىلدام قىلغۇچى› تامغىسى: ئونگونى: جىرا لاچىن.

10) قىزىق (qiziq) قارناقنىڭ مەنىسى: ‹بۆكە› تامغىسى: ئونگونى: سارىچى (سۇگگۈچ).

11) بىكدىلى (bikdili)نىڭ مەنىسى: ‹سۆزى ھۆرمەتلىك›، تامغىسى: ئونگونى: باخرى.

12) قارقىن (qarqin)نىڭ مەنىسى: ‹رىزىقلىق›، تامغىسى: ئونگونى: سۇ بۈركۈتى.

13) بايىندۇر (bayindur)نىڭ مەنىسى: ‹نېمەتلىك›، تامغىسى: ئونگونى: لاچىن.

14) پەچەنە (päcänä)نىڭ مەنىسى: ‹سەئى قىلغۇچى›، تامغىسى: ئونگونى: ‹ئالە تۇغاناق› (؟)

15) چاۋۇلدار (cawaldar)نىڭ مەنىسى: ‹نومۇسلۇق› تامغىسى: ئونگونى: بۇدايىق (ئاق قۇ).

16) چەبنى (cäbni)نىڭ مەنىسى: ‹باھادىر›، تامغىسى: ئونگونى: خۇما.

17) سالۇر \ سالغۇر (salur < salγur)نىڭ مەنىسى: ‹قىلىچلىق›، تامغىسى: ئونگونى: بۈركۈت.

18) ئەيمۇر (äymur)نىڭ مەنىسى: ‹بايلارنىڭ بىيى›، تامغىسى: ئونگونى: ئەنچارى (؟)

19) ئەلە يۇنتلى (alä yuntli)نىڭ مەنىسى: ‹ئالا ئاتلىق›، تامغىسى بۆشۈككە ئوخشايدۇ: ئونگونى: ياغالبائۇ.

20) ئۈرەگىر (ürärig)نىڭ مەنىسى: ‹ساخاۋەتچى›، تامغىسى: ئونگونى: بىقۇ \ مىقۇ (ئىتالغۇ: ‹ئىت + ئال + غۇ) لاچىنسىمانلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش).

21) ئىگدىر (igdir)نىڭ مەنىسى ‹ئۇلۇغ›، تامغىسى: ئونگونى: قارچىغاي.

22) بۆگدۈز (bögdüz)نىڭ مەنىسى: ‹خىزمەتكار› تامغىسى: ئونگونى: ئىت ئالغۇ.

23) ئاۋا (ava) نىڭ مەنىسى: ‹يۇقىرى مەرتىۋىلىك› تامغىسى: ئونگونى: تۇيغۇن (قارچىغا، بۈركۈت).

24) قىنىق (qiniq)، مەنىسى: ‹ئەزىز› تامغىسى: ئونگونى: جىرا قارچىغاي»⑮. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا كۆرسەتكەن بەزى ئۇرۇقلار بىلەن ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تەراكىمە»دە كۆرسەتكەن بەزى ئۇرۇقلار ئوخشاش بىر ئۇرۇقنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مال تامغىلىرىنىڭ شەكلى بىر-بىرىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنچىنچى ئورۇنغا تىزغان baüundur ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى ، ئەمما ئەبۇلغازى باھادىرخان 13-ئورۇنغا تىزغان bayindur ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى دۇر. مەھمۇد كاشغەرىي 11-ئورۇنغا تىزغان ئەيمۇر ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى ئەبۇلغازى باھادىرخان 18-ئورۇنغا تىزغان ئەيمۇر ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى مەھمۇد كاشغەرىي 20-ئورۇنغا تىزغان چاۋۇلدار ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى ئەمما ئەبۇلغازى باھادىرخان 15-ئورۇنغا تىزغان چاۋۇلدار ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى بۇ خىل ئەھۋال بەلكىم بەزى ئۇرۇقلارنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تەراكىمە»دە كۆرسەتكەن ئوغۇزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ نامىنى «شەجەرەئى تۈرك»تىمۇ تەكرارلايدۇ ۋە بۇ ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرىنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلايدۇ. ئەمما ئەن، تامغىلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكىم ئەبۇلغازى باھادىرخان بۇ ئەن، تامغىلارنى «شەجەرەئى تەراكىمە»دە كۆرسىتىپ بولغانلىقى ئۈچۈن يەنە تەكرارلاپ يۈرۈشنى ئارتۇقچە دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار»دىمۇ ئەينى دەۋردىكى بەزى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەن، تامغىلىرىمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» بىلەن «دىۋان»دىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىغا باسىدىغان ئەن، تامغىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتتى⑯. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار 1982-يىلى، 1986-يىللىرى تۇرپان ۋە پىچاندا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، پىچان ناھىيە-

سىنىڭ لەمجىن يېزىسىدىن لۈكچۈنگە بارىدىغان يول بويى-
دىكى تاغ باغرىدىن قەدىمكى بەلگە، تامغا ۋە ھەر خىل
شەكىللەر ئويۇلغان يوغان بىر تاشنى بايقىغان. بۇ تاشتىكى
بەلگە، تامغىلارنىڭ سانى 100 دىن ئاشىدىكەن. چەرچەن
ناھىيەسىنىڭ ئالتۇنتاغ رايونى مۆلجەر دەرياسى بويىدىن،
توقسۇن ناھىيەسىنىڭ كۆجەي يېزىسى پەنجىر تاغ جىلغى-
سىدىنمۇ مۇشۇنداق بەلگە-تامغىلار ئويۇلغان قىياتاشلار
تېپىلغان. ئارخېئولوگ ئابدۇقەييۇم خوجا «دىيارىمىزدىن
بايقالغان قىسمەن يادىكارلىقلار ھەققىدە» ناملىق ئەسىرى-
دە لەمجىن غولىدىكى تاشقا ئويۇلغان بەلگە-تامغىلار
بىلەن ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا خاتىرىلىگەن
ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ مال-چارۋىلىرىغا باسىدىغان ئەن،
تامغىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوخشاش
ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەلگىلەرنى جەدۋەللەشتۈرۈپ
كۆرسەتكەن⑰. مال چارۋىلارغا بېسىلغان ئەن، تامغىلار
بىلەن قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان
بەلگە-نىشانلارنىڭ مۇناسىۋىتى، باغلىنىشى بارمۇ-يوق؟
بۇنىڭغا قارىتا بىز بەلگىلىك دەرىجىدە باغلىنىشى بار،
دەپ قارايمىز. چۈنكى قىيا تاش سىزمىلىرى ئىپتىدائىي
جەمئىيەتتىكى ئوۋچى، چارۋىچىلار تەرىپىدىن ئويۇلغان،
چېكىلگەن. چارۋىچىلارنىڭ ئۆز ئۇرۇقى، جەمەتىنىڭ مال -
چارۋىلىرىغا بېسىلىدىغان ئەن، تامغىلىرىنى قىيا تاش سىز-
مىلىرىغىمۇ سىزغانلىقىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. «卐»
(سۋاستى بەلگىسى)، «○» (چەمبەر، بەزىلەر بۇنى
قۇياش تەسۋىرىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدۇ)، «☆»
(يۇلتۇز بەلگىسى)، ◇ (غىش شەكىللىك بەلگە)، ×(كۆپەيتىش بەلگىسى)، ≡ (تاغىل شەيئىلەر بەلگىسى)، كىرېست
بەلگىسى، كۈن، ئاي بەلگىلىرى، مال-چارۋىلارغا بېسىل-
غان ئەن، تامغىلاردىمۇ يىل دەۋرى ئەجدادلىرىمىز چارۋى-
چىلىقنى ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى قىلغان دەۋرلەرگە
توغرا كېلىدىغان قىيا تاش سىزمىلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇچ-
رايدۇ. چارۋىچىلىق ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى قىلىنغان
رايونلاردا مال - چارۋىلارغا بېسىلغان ئەن، تامغىلار
پەقەت مال - چارۋىلارنى پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينا-
پلا قالماستىن، بەلكى چارۋىچىلارنىڭ مال - چارۋىلارغا
بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئەن، تامغىلار
ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا ئۇرۇق، قەبىلىلەردىكى ئو-
مۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلىدۇر. سەي

خۇڭشېڭ ئەپەندى «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە
تۈرك مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا «قەدىمكى چارۋىچى-
لىق پائالىيىتىدە مال تامغىسى ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ بەل-
گىسى ئىدى. شۇڭا V ئەسىردىكى قاڭقىللار ‹ئۆزلىرىنىڭ
ماللىرىنى ئۆزلىرى پىششىق بىلگەچكە، ماللار كەڭ دالىدا
چېپىشىپ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسىمۇ ئاسان تونۇۋا-
لاتتى›. ئەگەر قاڭقىللار دەۋرىدىكى مال تامغىسى مالنىڭ
ئۇرۇقتا ئورتاق تەۋە ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى دېيىلسە، ئۇ
ھالدا ‹تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر›نىڭ 72-
جىلدىدا ئېيتىلغان تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ مال تامغىسى
مالنىڭ چارۋىدار ئۇرۇقلارغا ئورتاق تەۋە ئىكەنلىكىنىڭ
قالدۇق ئىپادىسى ئىدى»⑱ دەيدۇ. ئەن، تامغىلارنىڭ
دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ بەلگىسى
بولغان بولسا، كېيىنكى مەزگىللەردە تەدرىجىي جەمەت ۋە
ئائىلىلەرنىڭ بەلگىسى بولۇشقا ئۆتكەن، بۇ چارۋىچىلىقتى-
كى ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۇرۇق، قەبىلىلەردىكى ئومۇمىي
مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە
ئۆتۈشكە باشلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

«چارۋىچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي، ئىق-
تىسادىي ئىگىلىك شەكىللىرىدىن بىرى بولغاچقا، چارۋا -
ماللارنى پەرۋىش قىلىش، ئاينىتىش، ئۆزئارا پەرقلەندۈ-
رۈش جەھەتلەردە مول تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى ياراتقان.
مەسىلەن، مال - چارۋىلارغا شەرتلىك بەلگە سېلىش؛ شۇ
بەلگىلەر بويىچە ئۆزىگە تەۋە چارۋىلارنى قەيەردە بولسا
ئىزدەپ تېپىۋېلىش ياكى باشقا مال پادىلىرىغا قوشۇلۇپ
كەتكەن چارۋا ماللارنى شۇ مال پادىلىرىنىڭ ئىگىلىرى
شۇ بەلگىلەرگە قاراپ ئىگىسىگە خەۋەر قىلىشتەك بىر
قاتار ئادەت ۋە ياخشى خىسلەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.
مال چارۋىلارغا بۇنداق بەلگە (ئەن) سېلىش ئادىتى 20-
ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇر چاۋىچىلىرى ئارى-
سىدا داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنداق ئەن سېلىش ئادىتى قە-
دىمكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارغا ئورتاق بولۇپ،...
بۇنداق تامغا-بەلگىلەر قىزدۇرۇلۇپ، چارۋىلارنىڭ ساغ-
رىسىغا، كىچىك چارۋىلار (قوي-ئۆچكە)نىڭ قۇلىقى ياكى
قاڭشىرىغا بېسىلىدۇ»⑲. مال - چارۋىلارغا ئەن سېلىش
ئادىتى يۇرتىمىزدىكى بەزى تاغلىق، چارۋىچىلىق رايونلى-
رىدا تا بۈگۈنگىچە ساقلانغان ۋە يەنىلا داۋاملىشىۋاتىدۇ.
مەسىلەن، كىرىيە بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاغلىق كەنت پولودا كىشلەر ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، مالچىلار «ئۆزىنىڭ قويلىرىنى بىر قاراپلا تونۇۋالىدۇ. چۈنكى قويلارنىڭ قۇلىقىغا ئەن سېلىش ئۇلار داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قەدىمىي ئادەت. ھازىر ئەن تۈرلىرىدىن چەشمە، غىنجى، كەسمە ئويما، تۈرمە، ياستۇق، سۆكە، تۆگلۈك قاتارلىقلار بار»⑳. ئۇنىڭدىن باشقا كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىدىمۇ بۇ ئادەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە «ھەركىم ئۆز ئالدىغا ئەن ئىشلىتىدۇ. بۇ ئەنلەر ماللارنىڭ قۇلىقىغا سېلىنىدۇ. ئەنلەر چوڭ جەھەتتىن ئويما ئەن، گېز ئەن، ياسرۇق ئەن، تىلما ئەن، كەسمە ئەن دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر ئەن ئۆز ئىچىدىن يەنە بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ»㉑. ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ (15 ـ سى) «ئۆرپ ـ ئادەتلەر» (1) قىسمىدا خوتەن رايونىدىكى مال ـ چارۋىلارغا تامغا بېسىش، ئەن سېلىش ئادىتى ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلار بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «تارغاق ئەن، ئاي ئەن، كەلكۈن ئەن، ئارا ئەن، زەر ئەن، چېكىت ئەن، تاغ ئەن، قوش ئەن، كەسمە ئەن، سىزىق ئەن، سەر ئەن، بېلىق ئەن»دىن ئىبارەت 12 تۈرلۈك ئەن تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە بۇ ئەنلەر ئېغىز تىلىدىكى ئاتىلىشى، شەكلى، بېسىلىش ئۇسۇلى چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خوتەن رايونىدا «كەسمە ئەن، ئويما ئەن، گىزەن، ياسۇرۇق، تىلما ئەن، غىنجىرەن ۋە تەشمە ئەندىن ئىبارەت يەتتە خىل ئەن شەكلى 42 خىل تۈرلىنىپ، 42 جەمەت ياكى ئۇرۇقنىڭ ئىشلىتىشىگە يېتىدۇ» ㉒ غانلىقى سۆزلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا كۆكيار كەنتىدىكى چارۋىچىلاردىمۇ مال ـ چارۋىلارغا ئەن سېلىش، تامغا بېسىش ئادىتى بار بولۇپ، ئۇلاردا «چارۋا ماللارنىڭ ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ يىتىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە باشقىلارنىڭ چارۋىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تامغا بېسىش، قۇلىقىنى كېسىش، يۇڭىنىڭ ئالقانچىلىك يېرىنى بوياپ قويۇش قاتارلىق ئەن (بەلگە) سېلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق باشقا چارۋىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئادەتلىرى ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان. قۇلاقنى كېسىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، تىلمىئەن، سىرقىئەن، گىزئەن، ئويمەن، كەسمەئەن، شال ئەن، تۆشۈك ئەن، قارلىغاچ ئەن قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. تېشىلگەن قۇلاققا يەنە ھەر خىل رەڭدىكى يىپلارنى ئېسىپ قويۇشمۇ خېلى ئومۇملاشقان. يىتكەن كالا، قوي، قوتازنى بىر يىلدىن كېيىن، تۇياق ئىزىغا قاراپ ئىزدەپ تېپىۋالىدىغان، ھەرقانداق ھايۋاننىڭ مۆرەش ـ مەرەشلىرىگە قاراپ ئىگىسى بىلىۋالالايدىغان زېرەكلىك، ئۇلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر»㉓. يۇقىرىدا بىز نەقىل كەلتۈرگەن كېرىيە بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمىي تاغلىق كەنت پولو، دەريا بويى يېزىسى ۋە قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزىسىنىڭ كۆكيار كەنتى قاتارلىق بۇ ئۈچ ئورۇندىكى ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى چارۋىچىلىق بولۇپ، دەريا بويى يېزىسى بىلەن كۆكيار كەنتىدىكى مال چارۋىلارغا سېلىنىدىغان ئەنلەر ئاساسەن ئوخشاش، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئەن، تامغىلارنى توپلاپ، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيەت گېنىدىكى ئوخشاشلىقلارنى بايقاش مۇمكىن. ئارسلان ئابدۇللا قومۇل رايونىدىكى دالا تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە «شەجەرەئى تەراكىمە»دە خاتىرىلەنگەن بەزى ئەن، تامغىلارنىڭ قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھېلىھەم ساقلىنىپ قالغانلىقى ۋە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار:

«(1) مەھمۇد كاشغەريي 1 ـ ئورۇنغا تىزغان ھەمدە رەھبىريي ئۇرۇق ياكى سۇلتان ئۇرۇق دەپ ئىزاھلىغان ‹ qiniq› قىنىق ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى . ئەبۇلغازى باھادىرخان ‹شەجەرەئى تەراكىمە›دە چۈشەندۈرۈشىچە (p 36)، (qiniq) ‹يۇقىرى مەرتىۋىلىك› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ قوراي يېزىسىنىڭ (tömürt närnasi) كەنتى ۋە ئاقتاش (aqtaš) يېزىسىنىڭ توشو (tošo) كەنتىدىكى ئاقسۆڭەكلەر دەپ ئاتىلىدىغان جەمەت ھەمدە شارلار تېغىنىڭ قارلۇق كەنتىدىكى ئۆمەر ئابدۇرېھىم جەمەتى (qiyiq tama<qïnïq tamγa) (قىيىق تامغا \ قىنىق تامغا) دېگەن نامدا ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(2) مەھمۇد كاشغەريي 3 ـ ئورۇنغا تىزغان bayandur ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ قوراي يېزىسىدىكى گېلى پالۋان جەمەتى ئىشلىتىدۇ.

(3) مەھمۇد كاشغەريي 7 ـ ئورۇنغا تىزغان بېكتىلى

ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ﻼﻛ مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ قوراي يېزىسى (närnasi) كەنتىدىكى تايىر دورغا جەمەتى ‹لام ئېلىپ تامغا› (lam elip tamγa) دېگەن نامدا بۇگۈنگىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(4) مەھمۇد كاشغەرىي 11 ـ ئورۇنغا تىزغان ئەيمۇر ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ♀ . مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ قوراي يېزىسى تۆمۈرتى كەنتىدىكى لاتىپ يارىلار جەمەتى بۇگۈنگىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(5) مەھمۇد كاشغەرىي 14 ـ ئورۇنغا تىزغان ئىگدىر ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ≮ . مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ قوراي يېزىسى نېرىن كەنتىدىكى پازىلباي جەمەتى ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(6) مەھمۇد كاشغەرىي 20 ـ ئورۇنغا تىزغان چۇۋالدار (cuwaldur) ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ෴ . مەزكۇر تامغىنى قومۇل ئېرغول ناھىيەسى adaq كەنتىدىكى نىياز موللا جەمەتى، نوم يېزىسىدىكى ئايىەك جەمەتى ئاي شەكىللىك تامغا (ay tamγa) دېگەن نامدا ھازىرمۇ ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(7) مەھمۇد كاشغەرىي 21 ـ ئورۇنغا تىزغان چەبنى ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ⥪ . مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ قوراي يېزىسى (närnasi) كەنتىدىكى مۇفتى ئېلى جەمەتى بىلەن نېرىن كەنتىدىكى ئىدرىس پازىل جەمەتى چېلەك تامغا (ciläk tamγa) دېگەن نامدا بۇگۈنگىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(8) ئەبۇلغازى باھادىرخان 1 ـ ئورۇنغا تىزغان قايى ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ⌒ مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ تاشئۆيلىق يېزىسى خوتۇتام كەنتىدىكى ئاسلانلار جەمەتىدىكى سۈپۈر دورغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇگۈنگىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە (مەزكۇر جەمەتىدىكىلەر بۇ تامغىنى ئاتنىڭ دۈمبىسىگە تەتۈر باسىدۇ).

(9) ئەبۇلغازى باھادىرخان 4 ـ ئورۇنغا تىزغان قارا ئۆيلۈ ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ⊤ . مەزكۇر تامغا قومۇل شەھىرىنىڭ شارلار تېغى يېزىسى (särlar teγi) قالغايتى (qalγati) كەنتىدە چۇرقۇش تامغا (curquš tamγa) دېگەن نامدا بۇگۈنگىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

(10) ئەبۇلغازى باھادىرخان 9 ـ ئورۇنغا تىزغان ئاۋشار ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ⌓ . مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ باغداش رايونىدىكى ئەيدارخان جەمەتى ئىشلەتكەن.

(11) ئەبۇلغازى باھادىرخان 12 ـ ئورۇنغا تىزغان قارقىن ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ⁄⁄ . مەزكۇر تامغىنى قومۇل باغداش رايونىدىكى ئىبراھىم سەئىد جەمەتى ئىشلەتكەن.

(12) ئەبۇلغازى باھادىرخان 13 ـ ئورۇنغا تىزغان باينىدۇر ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ɣ مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ شارلار يېزىسى تاراتى كەنتىدىكى قۇربان نەگەم جەمەتى ۋە قوراي كەنتىدىكى روزى باقى جەمەتى لا تامغا (la tamγa)، ئامبۇر تامغا (ambur tamγa) دېگەن نامدا ئىشلەتكەن.

(13) ئەبۇلغازى باھادىرخان 14 ـ ئورۇنغا تىزغان پەچەنە ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ∧ . مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ شارلار يېزىسى قارلۇق كەنتىدىكى سادىق كېرىم جەمەتى سەككىز تامغا (säkkiz tamγa) دېگەن نامدا بۇگۈنگىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(14) ئەبۇلغازى باھادىرخان 15 ـ ئورۇنغا تىزغان چاۋۇلدار ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ب . مەزكۇر تامغىنى قومۇل شارلار يېزىسى قارلۇق كەنتىدىكى ئوسمان سۇلايمان جەمەتى ئاي شەكىللىك تامغا (ay tamγa)، تاقا شەكىللىك تامغا (taqa tamγa) دېگەنناملاردا ئىشلەتكەن.

(15) ئەبۇلغازى باھادىرخان 16 ـ ئورۇنغا تىزغان چەبنى ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ٢ . مەزكۇر تامغا قومۇل شەھىرىنىڭ باغداش يېزىسىدا ۋالى ئوردىسىنىڭ يىلقىلىرىغا بېسىلغان.

(16) ئەبۇلغازى باھادىرخان 18 ـ ئورۇنغا تىزغان ئەيمۇر ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ⤙ . مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ باغداش يېزىسىدىكى سەيدى دورغا جەمەتى ئىشلەتكەن»㉔. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىشلەتكەن ئەن ـ تامغىلارنىڭ تا بۈگۈنگىچە يوقالماستىن ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىمۇ ئىزچىل ئىشلىتىلىپ كېلىنىشى شۇنچە ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئەن، تامغىلار ۋارىسچانلىققا ئىگە مەدەنىيەت بەلگىلىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئۆزلىرى توقۇغان مەنىلەر تورىغا ئېسى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


لىپ قالغان. مەدەنىيەت بولسا بۇ مەنىلەر توردۇر، مەدە-
نىيەتنى تەتقىق قىلىش قانۇنىيەت ئىزدەيدىغان تەجرىبە
خاراكتېرلىك پەن ئەمەس، بەلكى مەنە ئىزدەيدىغان ئە-
زاھلاش خاراكتېرىدىكى پەن بولۇشى كېرەك. مەدەنىيەت-
نىڭ مەنىسىنى يېشىشتە ئەن، تامغىلارغا ئوخشاش ئۆزىگە
ھەر خىل مەنىلەرنى مۇجەسسەم قىلغان مەدەنىيەت بەلگە-
لىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. «چېگراسىز كەڭ يايلاقلار-
دا ئايرىم-ئايرىم مال بېقىش شارائىتىغا مۇناسىپ ھالدا
چارۋا ماللارغا بەلگە سېلىش؛ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى
يوقالغان جاندارلارنى شۇ بەلگىلەر ياكى جاندارلارنىڭ
تۇياق ئىزىغا قاراپ ئىزدەپ تېپىش، باشقا مال پادىلىرىغا
قوشۇلۇپ كەتكەن مال چارۋىلارنى شۇ مال پادىلىرىنىڭ
ئىگىلىرى شۇ بەلگىلەرگە قاراپ قارشى تەرەپكە خەۋەر
قىلىشتەك بىر قاتار ئادەت ۋە ياخشى خىسلەتلەر ... مۇشۇ
ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇر چارۋىچىلىرىدا دا
ۋاملىشىپ كەلگەن ئۆز مال-پادىلىرىغا تامغا بېسىش،
بەلگە (ئەن) سېلىش ئادىتى لوپنۇر، بۇگۇر، شايار، تارىم
ۋادىلىرىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھازىرغا قەدەر
ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىزچىللىق ماھارىتى ئەنە شۇ ئادەت-
ئەنئەنىلەرنىڭ داۋامى چارۋا-ماللارغا بەلگە سېلىش، تامغا
بېسىش كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارغا ئورتاق ئادەت بول-
سىمۇ، ھەرقايسى ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ بەلگىلىرى
پەرقلىق بولغان... مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغا قەدەر
شەخسىي چارۋىچىلار، جايلار ئىشلىتىپ كەلگەن تامغا
شەكلىدىن ئۇنى قەدىمكى تامغا-بەلگىلەر ئاساسىدا داۋام-
لىشىپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تامغا-بەلگە-
لەر شەكىللىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتى-
دائىي ئېتىقاد-ئەقىدىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن... تامغا-بەل-
گىلەر قىزدۇرۇلۇپ چوڭ چارۋىلارنىڭ ساغرىسىغا بېسىلى-
دۇ. قوي، ئۆچكە قاتارلىق كىچىك چارۋىلارنىڭ بولسا
يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تامغا-بەلگىلەرنىڭ ئاددىي شەكلى-
لىرى قۇلاقلىرىغا ئويۇپ سېلىنىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قۇلاقلىرى-
نىڭ ئارقىسىغا، بەزىلىرىنىڭ قاڭشىرىغا بېسىلىدۇ. مۇنداق
تامغا بېسىش، بەلگە سېلىشتىن تاشقىرى چوڭ چارۋىلار-
نىڭ تەڭگى ۋە بەدىنىدىكى مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكىدىنمۇ
بەلگە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن»㉕. قويلارنىڭ قۇ-
لاقلىرىنى كېسىپ ئەن سالغاندا بەزىلىرى تۈز كېسىلىدۇ،
بەزىلىرى يانتۇ كېسىلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ قۇلاقلىرى تىلىنى-
دۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭكىنى ئازراق كېسىپ ساڭگىلىتىپ قو-
يۇلىدۇ. ئات، تۆگە، كالا قاتارلىق چوڭ ماللارغا ئەن
سالغاندا بەزىلىرىگە 3، 6، 8، 9... قاتارلىق سانلارمۇ بې-
سىلىدۇ. ھازىر ئەن ئاساسەن تاغلاردا، يايلاقلاردا بېقىلى-
دىغان ماللارغا بېسىلىدۇ. ئۆيلەردە بېقىلىدىغان مال-
چارۋىلارغا ئاساسەن بېسىلمايدۇ. قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى-
دا ۋاڭنىڭ چارۋىلىرىغىمۇ مەخسۇس ئەن، تامغىلارنى باس-
تىدىغان ئادەت بولغان. «ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق چارۋى-
لارغا مەخسۇس تامغا بېسىلغان: شۇپۇل ئەتراپىدىكى ئات-
لارغا بەلگىسى، قويلارغا ئۈچ بەلگىسى، باغداش تەۋەسى-
دىكى ئاتلارغا بەلگىسى (ئاتنىڭ ساغرىسىغا) ۋە ø بەلگە-
سى (ئاتنىڭ ئالدى مۈرىسىگە)، قويلارغىمۇ ø بەلگىسى
(ئاتنىڭ مۈرىسىگە بېسىلىدىغان تامغا بىلەن ئوخشاش)
قويۇلغان»㉖. بۇ ئەلۋەتتە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بۇيرۇقى
بىلەن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ساتتار سالىخ «شىنجاڭ
تۆگىسى» ناملىق كىتابىدا مەخسۇس «تۆگىلەرگە ئەن
سېلىش، تامغا بېسىش ۋە ئىسىم قويۇش» دەپ مەخسۇس
سەھىپە ئاجراتقان بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:
«چارۋا - ماللارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ۋە ئى-
گىدارچىلىق چېكىنى ئايرىش ئۈچۈن شىنجاڭدا ئەزەلدىن
ئەن سېلىش، تامغا بېسىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىپ كېلىن-
گەن. تۆگىلەرنىڭ رەڭگى باشقا چارۋا - ماللاردەك ھەر
خىل بولماستىن، بىر خىل، يەنى كۆپىنچە قوڭۇر رەڭدە
بولغانلىقتىن ئەن سېلىپ، تامغا بېسىش ئۇلارنى بىر-بىرى-
دىن پەرقلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. بەزى ئورۇن-
لار ئۆز ئورنىنىڭ باش ھەرپىنى تامغا بەلگىسى قىلىپ
ئىشلەتكەن. مەسىلەن، تولى ناھىيەسىنىڭ شەرق شامىلى
يېزىسىنىڭ (ئالغا) كەنتى ‹A› ھەرپىنى تامغا بەلگىسى
قىلىپ تۆگىنىڭ سول يۆزىگە باسقان. ئارىشالڭ ناھىيەسى-
نىڭ ئالدىنقى قاراۋۇل چارۋىچىلىق مەيدانى ‹X› ھەرپى-
نى تۆگىنىڭ يانپېشىغا باسقان. قەشقەر ئۇلاغ ترانسپورت
ئەترىتى ‹T› ھەرپىنى تۆگىسىنىڭ سول يوتىسىغا باسقان.
شىخو 2-ئالغا چارۋىچىلىق مەيدانى ‹A› ھەرپىنى تۆگە-
سىنىڭ يۈزىگە باسقان. بەزى ئورۇنلار ئۆز ئورنىنىڭ
رەت نومۇرىنى تامغا بەلگىسى قىلىپ ئىشلەتكەن. مەسى-
لەن، قومۇل تاشۋىلىق يېزىسىنىڭ 2-كەنتى (2) نومۇرىنى
تۆگىنىڭ يۈزىگە؛ 3-كەنتى (3) نومۇرىنى يوتىسىغا، 4-
كەنتى (4) نومۇرىنى يۈزىگە باسقان. 4-كەنتنىڭ ئىككى

پادا تۆگىسى بولۇپ، بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈ-
رۈش ئۈچۈن بىر پادا تۆگىنىڭ ئوڭ يۇزىگە، يەنە بىر
پادا تۆگىنىڭ سول يۇزىگە تامغا باسقان. تولى قىزىل
بايراق يېزىسىنىڭ 4 ـ كەنتى تۆگىلىرىنىڭ يۇزىگە ‹ 100›
نومۇرنى باسقان. تامغىنى تۆگىلەرنىڭ يۇزىگە باسقانغا قا-
رىغاندا ئۇلتۇرغۇچ سۆڭەك دوقىسىدىن 10 ـ 12 سانتىمې-
تىر تۆۋەن يوتا قىسمىغا باسسا ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭدا
تامغا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چوڭ قان تومۇر بىلەن
نېرۋىلار تۆگىنىڭ يوتىسىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا بولغانلىقتىن
تۆگىلەر ئۈچۈن بىخەتەر بولىدۇ. تامغا بېسىش ۋاقتى
بىلەن تۆگىلەرنىڭ ياش مەسىلىسىگە كەلسەك قەشقەر تۆگە
ترانسپورت ئەترىتى ئەتىيازدا، يەنى يۇڭ قىرقىتىش ۋاقتى-
دا (تۆگىلەرنىڭ تايلاق چېغىدا) تامغا باسقان. بۇ ئەڭ مۇ-
ۋاپىق ئۇسۇل بولۇپ كېڭەيتىشكە ئەرزىيدۇ. تولى ناھىيە
سى قىزىل بايراق يېزىسىنىڭ 3 ـ كەنتىدە تۆگىلەرنىڭ ئوڭ
قۇلىقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئەن سالغان، 4 ـ كەنتىدە ھەر
ئىككىلا قۇلىقىنىڭ ئالدىدىن يۇچۇلدۇرۇپ كېسىپ ئەن
سالغان»㉗. يېزىنىڭ ئۆزگىرىشى مال ـ چارۋىلارغا سې-
لىنىدىغان ئەن، بېسىلىدىغان تامغىلارنىڭ شەكلىگە بەلگە-
لىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار
لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىقنى ئىشلىتىشى
بىلەن مال ـ چارۋىلارغا لاتىن ئېلىپبەسىدىكى بەزى ھەرپ-
لەرنى ئەن، تامغا سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا
يەنە ئۇيغۇر چارۋىچىلار مال ـ چارۋىلارغا ئەن سېلىش،
تامغا بېسىشتا مال ـ چارۋىلارنىڭ يېشىغىمۇ دىققەت
قىلغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن،
ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك ئادەتلىرىگىمۇ بەلگىلىك
دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. شۇنداقتىمۇ ئىسلام دىنى
ئەجدادلىرىمىزدىكى مال ـ چارۋىلارغا ئەن سېلىش ئادى-
تىنى چەكلىمىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىغا ئەن (تامغا)
سېلىشى ئۇلارنىڭ مال ـ چارۋىلارغا بولغان يوللۇق ئىگە-
دارچىلىقىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر ئۇسۇلى سۈپىتىدە داۋام-
لاشتى. بىر ھەدىستە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تام يېنىدا
تۇرۇپ مەككىنى پەتھى قىلغان ۋاقىتتا كىشىلەر سوۋغا
قىلغان تۆگىلەرگە ئەن سېلىنىۋاتاتتى»㉘ دېيىلگەن. بۇ
ھەدىستىن مال ـ چارۋىلارغا ئەن سېلىشنىڭ دۇرۇس ئى-
كەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما ئىسلام دىنىدا داغلاپ ئەن
سېلىنغان ھايۋان؛ كەسمە ئەن ياكى تىلما ئەن سېلىنغان،
لېكىن قۇلىقىنىڭ يېرىمىغا يەتمىگەن ھايۋان؛ ناۋادا ئىككە-
لى قۇلىقىغا ئاز ـ ئازدىن ئەن سېلىنغان بولۇپ، ئىككىنى
يىغىپ كەلسە يېرىمىغا باراۋەر كەلگۈدەك ھايۋانلارنى
قۇربانلىق قىلىش ياخشى ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا
كىشىلەر قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن باققان مال ـ چارۋى-
لارغا داغلاپ ياكى كېسىپ ئەن سالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە مۇھەممەد پەيغەمبەر باللىق ۋاقتىدا پادىچى بولغانلىقى
ئۈچۈن ئۇيغۇرلار پادىچىلىقنى ياخشى كەسىپ بىلىپ، ئالا-
ھىدە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قارايدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە
ئىسلام دىنىدىكى ھالال ـ ھاراملىق چۈشەنچىسى بويىچە،
ھارام دەپ بېكىتىلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمىگەن ۋە
باقمىغان. شۇڭا ھارام ھايۋانلارغا ئەن، تامغا بېسىلمايدۇ.
ئۇيغۇرلار «ھايۋاننىڭ قۇلىقىنى كېسىپ بەلگە سالغاندا،
قۇلاقنىڭ كېسىلگەن پارچىسىنى چۈمۈلە ئۇۋىسىدىن باشقا
يەرگە ئەسلا تاشلىمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب مالنىڭمۇ
چۈمۈلىلەردەك ئاۋۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىش بولسا
كېرەك»㉙. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا
شۇكى، ئۇيغۇر چارۋىچىلار مال ـ چارۋىلارغا داغلاپ
ئەن سالغاندا ئەننىڭ ئىزناسىنى پەرقلەندۈرەلىگۈدەك
بولسىلا كۇپايە دەپ قاراپ، مال ـ چارۋىلارنى قىزىتىل-
غان تۆمۈردە داغلاپ ئورۇنسىز قىيناش، تىلسىز ھايۋانغا
زۇۋال قىلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ.

### 3. ئەن، تامغىلارنىڭ فۇنكسىيەسى

ئەن، تامغا، بەلگە ـ نىشانلار ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى
ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئۇ تارىختا خىلمۇخىل رول ئويناپ
كەلگەن. تامغىلار ياغاچ، تۇچ، كۈمۈش، سۆڭەك ۋە شۇ-
نىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئويۇپ ياسالغان. ئۇيغۇرلار
چارۋىچىلاردا «تامغىلىق مال يوقالماس» دېگەن ماقال
ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ ئەن، تامغىلارنىڭ ئى-
گىدارلىق ھوقۇقىنى ئىپادىلەش، ئۆزىنىڭ مال ـ چارۋىلىرى-
نى باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلەندۈرۈشتەك روللارنى ئوينى-
غاندىن سىرت يەنە، بۇ تامغىلارنىڭ بېكىتىش، دەلىل-
ئىسپات، گۇۋاھلىق بولۇشتەك روللىرىمۇ بولغان. مال ـ
چارۋىلارغا سېلىنغان ئەن، تامغىلارنىڭ تارىخى يېزىقتىن
بۇرۇن بولۇپ، بۇ ئەن، تامغىلارنىڭ بەزىلىرى يېزىقنىڭ
ئىجاد قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. بەزى جايلاردا مال ـ
چارۋىلارغا بەزى ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ بەلگىلىرى بېسىل-

غان. مال ـ چارۋىلارغا بېسىلغان بۇ ئەنلەرنى «بەلگە» دەپ قاراشقا بولىدۇ. تىلشۇناس سوشۇر (F.Saussure)نىڭ قارىشىچە، بەلگە بىلەن ئۇ كۆرسەتكەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆرستىش ۋە ئاتاش مۇناسىۋىتى بولۇپ، بەلگە — ئۇقۇم بىلەن ئاۋاز ئوبرازىنىڭ بىرىكمىسىدۇر. بەلگە بولسا بەلگە ۋە ئوبيېكتتىن ئىبارەت ئىككى ئېلېمېنتلىق مۇناسىۋەت. ئەمما پېرس، بەلگە بولسا بەلگە، ئوبيېكت ۋە مۇفەسسىردىن تەركىب تاپقان ئۈچ ئېلېمېنتلىق مۇناسىۋەت دەپ كۆرسىتىدۇ. بەلگىلەر ئىپادىلەيدىغان ياكى ئىپادىلىيەلەيدىغان مەنىلەر ئۇ كۆرسىتىدىغان شەيئىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى «مالنى تامغىسىدىن ئايرى، ئادەمنى سۆزىدىن» دېگەن بۇ ماقال دەل مالغا بېسىلىدىغان ئەن-تامغىلارنىڭ پەرقلەندۈرۈش رولىنى چۈشەندۈرىدۇ. مال-چارۋىلارغا سېلىنىدىغان ئەن-بەلگىلەر سۈنئىي بەلگىلەر بولۇپ، ئۇلارنى غەيرىي سۆز بەلگىلىرى تۈرىدىكى سەپلىمە بەلگىلەرگە مەنسۇپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. شەرھىي ئىنسانشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى كلىفورد گېرتىز پەقەت مەدەنىيەت مەنىسىگە ئىگە بەلگىلا ئىنسانشۇناسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغان تېما بولالايدۇ. شۇڭا بەلگە چوقۇم ئاشكارا بولۇشى لازىم دەپ قارايدۇ. بىز مال-چارۋىلارغا بېسىلىدىغان بۇ ئەن، بەلگىلەرنىڭ مەدەنىيەت مەنىسىنى ئانالىز قىلغان ۋە شەرھلىگەندە، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ھەرقايسى مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن بولغان باغلىنىشچانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. گېرتىز يەنە مەدەنىيەت تەتقىقاتى نوقۇل مەدەنىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىزدەيدىغان تەجرىبە پېنى ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى شەرھلەيدىغان ئىلىم دەپ قارايدۇ. ئەڭ دەسلەپتە مال ـ چارۋىلارغا بېسىلىدىغان بەلگىلەر ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، بارا-بارا يايلاقتىكى چارۋىچىلار تەدرىجىي بىر-بىرىنىڭ بەلگىلىرىنى كۆرگەن، بىلگەن، بۇ بەلگىلەر تارقالغان ۋە كىشىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئايلانغان. چارۋىچىلىق مەدەنىيەت تېپىدىكى رايونلاردا بۇ بەلگىلەرنىڭ تارقىلىشى ماھىيەتتە يايلاقتىكى بەلگە مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىدۇر. بۇ ئەن، تامغىلار، بەلگە-نىشانلار چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدىكى مال-چارۋىلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەق تەلەپ دەۋا-دەستۇر ئىشلىرىدا بېكىتىش خاراكتېرلىك رول ئوينىغان. سەي

خۇڭشېڭ ئەپەندى «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 99-جىلدىتىكى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلەنگەن جازا قانۇنىغا ئائىت خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، «تۈرك جەمئىيىتىدىكى جىنايەتلەرنى دۆلەت ئىشلىرىغا چېتىشلىق جىنايەت؛ مال-مۈلۈككە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ ئائىلىنى بۇزۇش جىنايىتى ۋە جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى دەپ تۆت تۈرگە بۆلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈككە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى ئات چېدىرى، ئات ۋە باشقا نەرسە-كېرەكلەرنى ئوغرىلاش قىلمىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جىنايى جازانىمۇ ئۆلۈم جازاسى، تەن جازاسى، جەرىمانە تۆلەم ۋە ئېغىر ئەمگەككە سۈرگۈن قىلىش ۋە قوشۇندا نەزەربەند قىلىش جازاسىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم جازاسى ئاساسلىقى ئاسىيلار، ئىشرەتۋازلار، ئات چېدىرى ئوغرىلىغۇچىلارغا بېرىلىدۇ. ئۆلۈم جازاسى بېلىنى سۇندۇرۇش؛ كاللىسىنى ئېلىش؛ تىرىك كۆمۈۋېتىش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. جەرىمانە ۋە تۆلەم ۋاستىلىرى مال-مۈلۈك، ئات ۋە قىز بولغان»㉚. يۇقىرىقى جىنايى ھەرىكەتلەرگە چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم ۋە جازالاش شەكىللىرىگە قارىغاندا ئەينى ۋاقىتتىكى چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدە، قانۇنىنىڭ مال-چارۋىلارغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قوغداش دەرىجىسى خېلى قاتتىق بولغان. ئات چېدىرى ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگىنىگە قارىغاندا، ئاتنىڭ ئوزۇقلۇق، قاتناش قورالى، ھەربىي قورال ۋە مۇھىم قۇربانلىق بۇيۇمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دىپلوماتىك ئالاقىلەردە مۇھىم مەنپەئەت كاپالىتى ئىكەنلىكىدىن ئاتقا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇق يۇقىرى دەرىجىدە قوغدالغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدىكى مىراس ۋە ۋارىسلىق ئىشلىرىدا، مۇبادا بىرەرسىدىن ئۇنىڭ تۇغقىنىغا مەلۇم مىقداردا مال ـ چارۋا مىراس قالغان بولسا، مىراس قالدۇرغۇچى بىلەن ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ مال ـ چارۋىلىرىدىكى ئەن بەلگىلەردە كۆپ خىللىشىش، قوشۇلۇش، ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىش بولۇشى مۇقەررەر. بىز مال ـ چارۋىلارغا بېسىلغان ئەنلەرنىڭ «ھەممىسىنىڭ مەنىسى بولىدۇ» دەپ قارىمايمىز. بۇ ئەن، تامغىلارنىڭ بەزىلىرى ئىگىلىرىگە شۇ خىل بەلگىلەر چە-

رايلىق كۆرۈنگەنلىكى ئۇچۇن شۇنداق لايىھەلەنگەن
بولۇشى مۇمكىن. بەزىلىرىنىڭ مەنىسىنى پەقەت شۇ
جەمەت ياكى شۇ ئۇرۇقلا بىلىشى مۇمكىن. ئالىم مەھمۇد
كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، ئەبۇلغازى باھا-
دىرخاننىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە»، رەشىدىددىننىڭ «جا-
مىئۇل تەۋارىخ» ۋە «تالىڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتى-
رىلەر» ناملىق ئەسەرلەردىن تۈرك ۋە ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ
مال - چارۋىلىرىغا بېسىلغان ئەن، تامغىلارنىڭ شۇ قەبىلە-
لەرنىڭ نامى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، كۆپلە-
گەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى مەلۇم. بەلكىم بۇ ئەن،
تامغىلار يەنە ئۇلار توتېم قىلغان مەلۇم هايۋان ئۈسۈمە-
لۈك ياكى قۇشلارنىڭ ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بو-
لۇشىمۇ مۇمكىن. قەدىمكى ئۇرۇق-قەبىلىلەر توتېملىرىنىڭ
ناملىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى باشقا ئۇرۇقتىكىلەردىن ئاي-
رىغىنىغا ئوخشاش ئۆزلىرى توتېم قىلغان هايۋاننىڭ شەكلى
ياكى نامىنى ئۆزىنىڭ مال - چارۋىلىرىغا ئەن، تامغا سۈپە-
تىدە بېسىش ئارقىلىق ئۇلارنى باشقىلارنىڭ مال- چارۋىلى-
رىدىن پەرقلەندۈرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.
چۈنكى قەدىمدە ئۇرۇق توتېمىنىڭ نامى شۇ ئۇرۇقتىكىلەر-
نىڭ ئورتاق بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ
مۈلكى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ كىملىكى ۋە هوقۇقىنى ئىپادى-
لەيتتى. چۈنكى «قەدىمكى زاماندا كۆپلىگەن ئىپتىدائىي
قەبىلىلەردە هەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس بەلگىسى
ياكى تامغىسى بولۇپ، بۇ بەلگىلەر هەم ئۇرۇق نامىنى،
هەم ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ئالاھىدە هوقۇقىنى بىلدۈرەتتى.
مەلۇم ئۇرۇقنىڭ خاس بەلگىسى تامغا سۈپىتىدە شۇ ئۇ-
رۇقتىكىلەرنىڭ مال - چارۋىلىرىغا، يىلقىلىرىغا ۋە باشقا
تەئەللۇقاتلىرىغا بېسىلاتتى. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تە-
ۋەلىك ۋە مال- مۈلۈكلىرىنىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىيتتى،
بۇنداق ئەھۋال قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلە-
لەرگە كەڭ ئومۇملاشقانىدى㉛. تارىختىن بۇرۇنقى ئىنى-
سانلار ئىجاد قىلغان ئەن، بەلگىلەر ئۇلارنىڭ ئوبرازلىق
تەپەككۇرىنىڭ نەتىجىسى. بىز پەقەت بۇ بەلگىلەرنىڭ مەنى-
سىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىللە، يەنە بۇ ئەن- بەلگىلەر-
نىڭ ئۆزگىرىش جەريانىغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈر.
ئەن- تامغىلاردىكى ئىپتىدائىي سەنئەت ئامىللىرى ئىپتىدا-
ئىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي سەنئىتى
ۋە ئېستېتىك ئېڭىنى چۈشىنىشىمىزنى بەلگىلىك يىپ ئۇچى

بىلەن تەمىنلىيەلىشى مۇمكىن. مال - چارۋىلارغا بېسىلىد-
غان ئەن، تامغىلارنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە
تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ شۇكى، شىنجاڭنىڭ هەرقايسى
جايلىرىدىكى ئۇيغۇر چارۋىچىلارنىڭ مال - چارۋىلىرىغا
بېسىلىدىغان ئەن، تامغىلارنى تولۇق توپلاپ، ئۇلارنى سې-
لىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردىكى ئوخشاش-
لىق ۋە پەرقلەرنى ئايرىپ چىقىش ۋە شۇ ئارقىلىق
ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنى-
يەت گېنى ۋە ئىرسىيىتىدىكى ئوخشاشلىقنى تېپىپ چىقىش
مۇمكىن. ئەڭ مۇھىم بولغىنى بۇ ئەن، تامغا، بەلگە، شە-
كىللەر ئەينى دەۋردىكى شۇ ئەن، تامغىلارنى ئىجاد قىلغان
ۋە ئىشلەتكەن كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە زادى قانداق
مەنىلەرگە ئىگە ئىدى، دېگەن مەسىلىدۇر. بۇ بەلگىلەرنىڭ
مەنىسىنى يېشىشتە سېمانتىكا، ئېتمولوگىيە، بەلگىشۇناسلىق
ۋە شەرھىي ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىدىن تەڭ پايدىلىنىشقا
بولىدۇ. ئارخېئولوگىيەنىڭ بىر تارمىقى بولغان تامغىشۇ-
ناسلىق ئىلمىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەر-
دە ئىشلەتكەن ئەن، تامغىلارنىڭ فۇنكسىيەسى، نۇسخىسى،
يېزىقى، ئىشلىتىلىش رەسمىيىتى ۋە تۈزۈمى قاتارلىقلارنى
تەتقىق قىلىش ناھايىتى بىر ئەھمىيەتلىك ئىش بولىدۇ. بۇ
ئەن، تامغىلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى، ئۆرپ- ئادىتى، چارۋىچىلىق مە-
دەنىيىتى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىن ئېلىنغان نەقىل-
لەرنىڭ توم ۋە بەت سانى شۇ نەقىلنىڭ كەينىگىلا بېرىلدى ھەمدە
نەقىللەر «دىۋان»نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل 8 -
ئايدا نەشر قىلغان 1 - نەشرىدىن ئېلىندى.

ئىزاھلار:

① «شىنجاڭ ئۆي هايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسلى-
رى»نى يېزىش ھەيئىتى تۈزگەن (ئىسمائىل ئىبراھىم، زەكى ئاب-
دۇللا، تۇرسۇن هوشۇر، جامالىدىن تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئۆي
هايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرى نەسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەش-
رىياتى، 1992 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 3 - بەت.

② كونا تاگنامە. «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، لىن گەن،
گاۋزىخۇ (ئابلەت نۇردۇن، ئەزىز يۈسۈپ، مۇھەممەدجان مۆمىن،
ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت تەرجىمىسى): «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارى-
خى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 12 - ئاي 1 -
نەشرى، 85 - بەت.

③ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەم-
دۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈر-

لەر نەشرىياتى، 1996-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى، 122-بەت.

④ ئىسرائىل يۇسۇپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى 6-ئاي 1-نەشرى، 186-بەت.

⑤ ㉕ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، 78-، 83-، 84-بەتلەر.

⑥ دۇەن لىيەنچىن (يۇنۇسجان ئېلى، ھەنىپە ئابدۇللا تەرجىمىسى): «دېڭىزچىلار، قاشقىلار ۋە تۇرالار»① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، 389-، 390-بەتلەر.

⑦ ئابلىز مۇھەممەد سايىرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 24-بەتتىكى نەقىلدىن.

⑧ لىن گەن، گاۋزىخۇ (ئابلەت نۇردۇن، ئەزىز يۇسۇپ، مۇھەممەدجان مۇمىن، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت تەرجىمىسى): «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 91-بەت.

⑨، ⑯ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 326-، 327-ۋە 329-بەتلەر.

⑩ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 4-ئاي 2-نەشرى، 155-بەت.

⑪، ⑫ رىشات گەنچ (تۈركىيە) (تۇرسۇنئاي ساقىم تەرجىمىسى): «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 642-، 658-، 659-بەتلەر.

⑬ لى جىنشىن (ئابلەت نۇردۇن، ئىمىنجان سەيدى، مۇھەممەدجان مۇمىن، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت تەرجىمىسى): «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 116-، 117-بەتلەر.

⑭ ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل 10-ئاي بىرىنچى نەشرى، 60-، 61-بەتلەر.

⑮ ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تەراكىمە»، 35-، 36-بەتلەر؛ ئارسلان ئابدۇللا: «قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساقلانغان قەدىمكى فامىلە ۋە ئەن، تامغىلار»، «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»» (ماقالىلەر توپلىمى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 147-، 149-بەتلەر.

⑰ ئابدۇقەييۇم خوجا: «دىيارىمىزدىن بايقالغان قىسمەن يادىكارلىقلار ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى 2009-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 210-بەت.

⑱، ㉚ سەي خوڭ (قۇربان تۇران تەرجىمىسى): «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 151-ۋە 180-181-بەتلەر.

⑲ ئابدۇكېرىم رەھمان: «20-ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 41-، 42-بەتلەر.

⑳ بوغدا ئابدۇللا: «سىرلىق قاراقۇرۇم — پولو كەنتىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2009-يىل 2-سان، 23-بەت.

㉑ ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 208-بەت.

㉒ ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار — ئۆرپ-ئادەتلەر»①، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، 2011-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 45-، 55-بەتلەر.

㉓ ئابلىمىت ياسىن: «كۆكيارلىقلارنىڭ بىر قىسىم ئۆرپ-ئادەت ئۆزگىچىلىكلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 2006-يىل 3-سان، 83-بەت.

㉔ ئارسلان ئابدۇللا: «قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساقلانغان قەدىمكى فامىلە ۋە ئەن، تامغىلار»، «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»» (ماقالىلەر توپلىمى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008-يىل 11-ئاي 1- نەشرى، 149-، 152-بەتلەر.

㉖ سۇ بېيخەي، خۇاڭ جيەنخۇا (قۇربان تۇران، ئەركىن ئەرشىدىن تەرجىمىسى): «قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 78-بەت.

㉗ ساتتار سالىخ: «شىنجاڭ تۆگىسى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1992-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 107-، 108-بەتلەر.

㉘ [مىسىر] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى (ئابدۇللاجان ئابدۇكېرىم تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن): «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە-مارجانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 513-بەت.

㉙ ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 318-بەت.

㉚ ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان باشچىلىقىدا: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 60-بەت.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

# بوزى كۆرپەش



بوزى كۆرپەش دەپ بىر يىگىت بار ئىكەن، ئىنىڭ قىرىق دوستى بار ئىكەن. بىر كۈنى قار يېغىپتۇ، ئوقيار بىلەن بىر قارغا ئېتىپتۇ. ئۇ قارغىنىڭ قېنى قارنىڭ تۆپىسىدە قىپقىزىل قاپتۇ. بىر ماما بار ئىكەن، ئۇل يىگىت مامىغا ئايتىپتۇ: شۇ قارغا ئوخشاش ئاپپاق قىز بولسا، ئىككى مەڭزى قارنىڭ تۆپىسگە ئاققان قانغا ئوخشاش قىزىل بولسا، شۇنداق قىزنى ئالسام! دېدى. ماما ئايتىتى: سەن پالانى شەھەرگە بارساڭ بىر قىز بار، شۇنداق سەن دېگەندەك، بېرىپ شۇنى ئالمامسەن؟ دېدى.

دېگەندىن كىن بۇل بوزى كۆرپەش بىر دوستىنىڭ قېشىغا باردى. دوستىغا سۆز ئايتىتى:

ئاتا پۇلى پۇل ئەمەس،
ئانا پۇلى پۇل ئەمەس.
يۈرۈك دوستۇم كېتىلىك!
سۆيگەن قىزنى ئالىلىك!

دوستى ئايتىتى: مەن سېنىڭ پۇلۇڭغا دوس، يېنىڭغا دوس ئەمەن ( ئەمەس ـ ت) دېدى. بوزى كۆرپەش خەپ

قاسنىڭ ئالدىغا باردى، ھەممىسى: مەن سېنىڭ پۇلۇڭغا دوست، يېنىڭغا دوست ئەمەن، دېدى. ئاندىن ئەمدى بىر دوستى قالدى.

بوزى كۆرپەش ئۆزىگە ئايتىتى: ئەمدى شۇ دوستۇمغا ئايتاي! بارسا بارار، بارمىسا ئۆزەم يالغۇز باراي! دېدى. ئۇ دوستىنىڭ قېشىغا باردى.

ئاتا پۇلى پۇل ئەمەس،
ئانا پۇلى پۇل ئەمەس.
يۈرۈك دوستۇم كېتىلىن!
سۆيگەن قىزنى ئالىلىك!

دېدى. ئۇل دوستى ئايتىتى: مەن سېنىڭ يېنىڭغا دوست، پۇلۇڭغا دوست ئەمەن، دېدى. ئاندىن كىن ئىككىسى قىزنى ئىستەپ يۈردى. بىرنەچچە كۈن يول يۈردى. بىر يەرگە كېلىپ ئىدى، بىر يول ئىككى بولدى. دوستى ئايتىتى: بۇ يولغا كىرېلىن ! بوزى كۆرپەش ئايتىتى: بۇ يولغا كىرېلىن ! دېدى. ھەرقاسى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى يولغا كىردى. ئىككىسى ئايرىلىپ كەتتى. بوزى كۆرپەش يانا بىر نەچەن كۈن يول يۈردى. بىر يەردە كېتىپ باراتتى. بىر تاز قوي بېقىپ يۈرۈپتۇ. بوزى كۆرپەش تازغا ئايتىتى. بېشىڭنى ساقايتىپ قويايمۇ؟ دېدى. تاز ئايتىتى. قايداق ساقايتامسەن؟ دېدى. بوزى كۆرپەش ئايتىتى: قولۇغۇڭ بىلەن تەڭ يەر كولا ! دېدى. تاز بىر يەرنى كولىدى، تازنى بېشىنى تۆبەن قىلىپ قولىغان (كولىغان ـ ت) يېرىگە تىكىپ قويۇپ تازنىڭ تاز كېپىنى ئېلىپ كەتتى. بوزى كۆرپەش ئۆزى تاز كېپىنى كەيدى. شۇندۇن بىر يەرگە باردى. بارسا بىر كېيرى كىشى قوي بېقىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ كىشىگە بېرىپ سالام قىلدى. ئۇل كىشى ئايتىتى. تاز نەگە بارسەن؟ دېدى. بوزى كۆرپەش ئايتىتى:

مېنىڭ ئاتام يوق ئىكەن،
مېنىڭ ئانام يوق ئىكەن.
ئوغۇل يوققا ئوغۇل بولاي!
قىزى يوققا قىز بولاي!

دېگەندىن كىن ئۇ كىشى ئايتىتى:
ئوغۇل يوققا ئوغۇل بالاي (بولاي ـــ ت)

سەن ئايتسەن تازىم،
مېنىڭ ئوغلۇم يوق ئىكەن،
ماڭا ئوغۇل بول، تازىم!

تاز ماقۇل دىدى، ئۇ كىشىگە ئوغۇل بولدى. ئۇ كىشى ئايتتى: سەن قوي بېقىپ تۇرغۇن! مەن ساڭا چاي نان ئېلىپ كەلەي، دىدى . تاز : بېرىڭ! دىدى. ئۇ كىشى ئۆيىگە باردى. بىر قىزى بار ئىدى، ئاڭا ئايتتى: بىر تاز كەپتۇ، ئوغۇلسىزغا ئوغۇل بولۇمەن دەپ، قىزسىزغا قىز بولۇمەن! دەپ، مەن ئايتتىم ئوغلۇم يوق ئىدى، ئوغۇل بولغۇن! دىدى. ھېلى ئول قوي بېقىپ قالدى. مەن ئاڭا چاي نان ئېلىپ بارغىلى كەلدىم، دىدى. قىزى ئوبدان قىلىپسىز دىدى. ئاتىسى چاي ناننى ئېلىپ، قوي باققان تازغا ئېلىپ باردى. تاز چاينى ئىشتى، ناننى يېدى. ئول كۈنى كەش كىردى. قوينى ھايداپ، ئۆيىگە يۈردى. يولدا بارغىچا تاز ئايتتى: بابا، دىدى، يولنى قىسقا قىلساقچۇ دىدى، ئاتېسى ئايتتى: داداڭنىڭ ئارغامچىسمۇ، يولۇڭ قىسقا قىلاي دەپ، دىدى. يانا كېتىپ بېرىپ تاز ئايتتى: بابا ئوغۇل يوققا ئوغۇل بولاي !قىزى يوققا قىز بولاي !دېگەندىن كىن ئۇ كىشى ئايتتى:ئوغۇل يوققا ئوغۇل بالاي (بولاي ـ ت). سەن ئايتسەن تازىم،مېنىڭ ئوغلۇم يوق ئىكەن.ماڭا ئوغۇل بۇل (بول-ت) تازىمتاز ماقۇل دىدى. ئۇ كىشىگە ئوغۇل بولدى. ئۇ كىشى ئايتتى: سەن قوي بېقىپ تۇرغۇن! مەن ساڭا چاي نان ئېلىپ كېلەي، دىدى. تاز: بېرىڭ! دىدى. سۈزگە (سىزگە-ت) ئوغۇل بولۇمەن دەپ، قىسسىزغا (قىزسىز-ت) قىز بولۇمەن! دەپ مەن ئايتتىم ئوغۇل يوق ئىدى، ئوغۇل بولغۇن! دىدى. ھېلى ئول قوي بېقىپ قالدى. مەن ئاڭا چاي نان ئېلىپ بارغىلى كەلدىم، دىدى. قىزى ئوبدان قىلىپسىز دىدى. ئاتېسى چاي ناننى ئېلىپ، قوي باققان تازغا ئېلىپ باردى. تاز چاينى ئىشتى، ناننى يېدى. ئول كۈنى كەش كىردى. قوينى ھايداپ، ئۆيىگە يۈردى. يولدا بارغىچا تاز ئايتتى: بابا، دىدى، يولنى قىسقا قىلساڭچۇ! دىدى. ئاتېسى ئايتتى: داداڭنىڭ ئارغامچىسمۇ، يولۇن قىسقا قىلاي دەپ، دىدى. يانا كېتىپ بېرىپ، تاز ئايتتى: بابا تالدىن تاي كېسىپ مىنسەكچۇ، دىدى. ئاتىسى ئايتتى: ساراڭ تازمىسەن؟ تالدىن قانداق تاي كېسىپ مىنسەن؟ دىدى. يانا كېتىپ بېرىپ، تاز ئايتتى: بابا، ئۆيىڭىزنى قۇلىغى بارمۇ؟ دىدى.

بابا ئايتتى: ساراڭ تازمىسەن، داداڭنىڭ ئېشىكىمىدى، ئۆينىڭ قۇلىغى بولغىلى؟ دىدى. يانا كېتىپ بېرىپ تاز ئايتتى: بابا ئۆيۈڭىزنىڭ چىرىغى بارمۇ؟ دىدى. بابا ئايتتى: ساراڭ تازمىسەن؟ ئۆينىڭما چىرىغى بولمايدىغانمۇ؟ دىدى. دەپ قوينى ھايداپ، ئۆيىگە يەتتى. بابا ئۆيىگە كىردى. قىزىغا ئايتتى: بۇ تاز ساراڭ تازمۇ؟ ھەر قىسما سۆزلەرنى قىلىدۇ. دىدى. قىزى سورىدى: نېمە دىدى؟ دەپ، بابا ئايتتى: يولدا كېلىپ، بابا يول قىسقارساقچۇ؟ دىدى. مەن ئايتتىم: داداڭنىڭ ئارغامچىسمىدى يولنى قىسقارتقىلى دىدىم، يانا كېلىپ ئايتتى: تالدىن تاي كېسىپ مىنسەكچۇ! دىدى. مەن: ساراڭ تازمىسەن؟ دىدىم. يانا كېلىپ ئۆيۈڭىزنىڭ قۇلىغى بارمۇ؟ دىدى. مەن، سەن ساراڭ تازمۇ؟ ئۆينىڭ قۇلىغى بولىدىغانمۇ؟ داداڭنىڭ ئېشىگىمىدى، دىدىم. يانا كېلىپ ئايتتى: ئۆيۈڭ-



نىڭ چىرىغى بارمۇ؟ دېدى. مەن: سارالڭ تازمۇسەن، ئۆينىڭ چىرىغى بولمايدىغانمۇ؟ دېدىم. دېگەندىن كىن قىز ئايتتى: سىز كېيرى كىشى بىلمەپسىز، يول قىسقارتىلى دېگىنى گەپلىشىپ ماڭىلى دېگىنى. تالدىن تاي كېسىپ مىنىلى دېگىنى، تاياق تۇتىلى دېگىنى، ئۆيىڭىزنىڭ قولىغى بارمۇ دېگىنى، ئىتىڭىز بارمۇ دېگىنى، ئۆيىڭىزنىڭ چىرىغى بارمۇ؟ دېگىنى قىزىڭىز بارمۇ؟ دېگىنى دەپ قىزى شۇ سۆزلەرنى ئايتتى. دادىسى ئايتتى: ئانداق بولسا، بۇ سۆزلەرنى مېنىڭ بىلگەنىم يوق. بۇ تازنىڭ ئەقلى بار تاز ئىكەن دېدى. دېگەندىن كىن تازنى ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. چاي بەردى. چاي ئىشكەندىن كىن قوينىڭ قېشىغا چىقتى. قىز ئېنى كۆرسە، تاز ئەمەس، ياقشى يىگىت، قىز ئاڭا كۆيدى. ئەرتەسى قوينى هايداپ، قوينى باققىلى كەتتى. قىز بىر قوڭدىن بىر نان بۇشۇرۇپ، بىر قاچىدا ئاش بۇشۇرۇپ ئەۋەتتى. ئۇ يىگىت ئايتتى:

قۇل بالېسى مەن ئەمەن (ئەمەس ـ ت)،
قۇل قولىدىن يېگىلى.
قۇڭ بالېسى مەن ئەمەن،
قۇڭ قولىدىن يېگىلى،
بۇ ئېشېدىڭ يېمەيمەن.

بۇ ئاشنى ياندۇرۇپ ئەتتى. ئاندىن كىن بۇ قىز ئاشنى، ناننى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىرمۇنچا سۆز قىلىشتى. قىز ئول يىگىت بىلەن قاچماقچى بولدى. ئاندىن كىن قىز ئۆيىگە كەلتى. پات كەلمەدى. ئاندىن يىگىت بېرىپ ئايتتى:

ئۇيان ئۆتتۈڭ قىزغىنام،
بۇيان ئۆتتۈڭ قىزغىنام.
بويىڭىزنىڭ تۇرقېنى،
كۆرۈپ كېتەي قىزغىنام

دېگەندىن كىن قىز ئايتتى:

نېمە دەيدۇ بۇ كىشى،
نېمە دەيدۇ بۇ يىگىت،
تالدىن چىققان زىۋانى
كۇرمەپتۇمۇ بۇ يىگىت.

يىگىت ئايتتى:

ئاقىرىپ چىققان ئايغا ئوخشار،
قىزىرىپ چىققان كۈنگە ئوخشار.
سېرىك توللۇك بىكېشنىڭ
ماڭا مەيلى يوق ئوخشار.

دېگەندىن كىن قىز ئايتتى:

نېمە دەيدۇ بۇ كىشى،
نېمە دەيدۇ بۇ يىگىت،
تاش كېچىككە يەتكەندە،
تاي تويلاققا باقماڭلار،
ساي كېچىككە يەتكەندە،
سايلاپ سايلاپ قايداڭلار.

ئاندىن كىن قىز چىقتى. قىزنى ئېلىپ مال بەرنى هايداپ بوزى كۆرپەش يىگىت ئۆزىنىڭكى شەهەرىگە ئېلىپ يۈردى. ئاندىن ئۆيىگە باردى.

بوزى كۆرپەش كۈندە ئوغا چىقتى. ئودۇن كەلسە خوتۇنى ئالدىغا چىقىپ ئېتىنى ئېلىپ باغلاپ قوياتتى. بىر كۈنى بىر مامېنىڭ قېشىغا بىر يىگىت كەلدى. بوزى كۆرپەشنىڭ خوتۇننى مېنىڭ بىلەن ئويناش قىلىپ بولسالڭ! دېدى. بۇ ماما ئايتتى: ئۇ خوتۇن ئېرى بىلەن تولا ئوبدان، كىشى بىلەن ئويناش بولمايدۇ، دېدى. دېگەندىن كىن ئۇ يىگىت ئايتتى: مەن ساڭا بىر مۇنچا پۇل بېرەي، سەن شۇنى ماڭا ئويناش قىلغىن! دېدى. دېگەندىن كىن ماما ئايتتى: مەن بېرىپ سۆز قىلىپ باقاي! دېدى. ئاندىن كىن بىر كۈنى ماما بوزى كۆرپەشنىڭ ئۆيىگە كەلدى. خوتۇننىڭ قېشىغا كىردى. كىرىپ بىرمۇنچا سۆزلەرنى قىلدى. ئاندىن ئايتتى: بىر ياقشى يىگىت بار ئىكەن، سىزگە تولا كۆيۈپتۇ. شۇ يىگىت بىلەن ئويناش قىلغىن! دېدى. ئول خوتۇن ئايتتى: سەن مۇنداق سۆزلەرنى ماڭا قىلما، ئۇ قانچە ئوبدان يىگىت بولسا، مېنىڭ ئېرىمدىن ياخشى ئەمەس ، مەن كىشى بىلەن هەرگىز ئويناش قىلمايمەن، دەپ مامانى چىقىرىپ ئەتتى. ماما ئۆيىگە كەلدى. ئۇ يىگىتكە ئايتتى: بۇ خوتۇن ئېرى بىلەن تولا ئوبدان، كىشى بىلەن ئويناش قىلمايمەن، دېدى. مەن ئايتقان سۆزنى ئۇنۇمدى. دېگەندىن كىن ئول يىگىت ئايتتى: سەن يانا بىر هىلە قىلىپ باق ! مەن ساڭا كۆپ پۇللارنى بېرەي! دېگەندىن كىن ماما ئايتتى: ئانداق بولسا بوزى كۆرپەشنى بىر يەردە هىلە قىلىپ، مەس هاراق بېرىپ، مەس قىلىپ مەن ئېنى يىقتاي! سەن ئېنى ئۆلتۈرگىن! ئاندىن كىن خوتۇننى سەن ئالغىن! دېدى. بولمىسا بۇ خوتۇن ئېرى تۇرۇپ هەرگىس ئويناش قىلمايدۇ. دېدى. دېگەندىن كىن مامىغا بۇ يىگىت كۆپ پۇللارنى بەردى. بوزى كۆرپەش مەس



012

قىلىپ تۇتۇپ بەرمەكچى بولدى. ئۇل يىگىت ئىنى ئۆلتۈرۈپ خوتۇننى ئالماقچى بولدى. بىركۈن ماما بوزى كۆرپەشنىڭ ئۆيىگە كەلدى. خوتۇننىڭ قىشىغا كىردى. كىرىپ بىرمۇنچە ياخشى سۆزلەرنى قىلدى. ئۇل خوتۇننىڭ كۆڭلىنى ئالدى. ئاندىن كىن ئايتتى: سىز ئاتىڭىزنى سىغىنمىدىڭىزمۇ؟ دىدى. ئۇل خوتۇن ئايتتى: سىغىندىم ئارپىسى يىراق مەن ئىنى قايداق بىرىپ كۆرۈمەن؟ دىدى. دىگەندىن كىن ماما ئايتتى: مەن كۆرسەم بوزى كۆرپەش ئودىن كەلگەندىن كىن سىز ئالدىغا چىقىپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئىتىنى باغلاپ ئۆيىگە ئىلىپ كىرىسىز. ئەمدى مۇندىن كىن كەلسە ئالدىغا چىقماڭ! سىز يىغلاپ ئولتۇرۇڭ! ئاندىن سىزدىن سورار: نىمە يىغلايسەن؟ دەپ سىز ئايتىڭ! سىنىڭ بىلەن كەلگىلى بەش ئالتى يىل بولدى. ئاتامنى كۆرسەتمىدىڭ، مەن ئاتامنى تولا سىغىندىم (ئەسلى تىكىستتە serindim سىرىندىم دەپ ترانسكىرىپسىيە قىلىنغان ـ ت) ئىنىڭ ئۈچۈن يىغلايمەن دەڭ! دىدى. ئاندىن كىن سىزنى ئىلىپ باردۇ، دىدى.

بوزى كۆرپەش ئودىن كەلدى، خوتۇنى ئالدىغا چىقمىدى. ئاتتىن ئۆزى تۈشتى. ئىتىنى باغلاپ ئۆيىگە كىرسە خوتۇنى يىغلاپ ئولتۇردى. بوزى كۆرپەش سورىدى: نىمە بولدۇڭ؟ نىمە يىغلايسەن؟ دىدى. تولا سورىغاندىن كىن ئۇل ئايتتى: سەن مىنى ئىلىپ كەلگىلى بەش ئالتى يىل بولدى. ئاتامنى كۆرسەتمىدىڭ، مەن ئاتامنى تولا سىغىندىم. دىدى.

بوزى كۆرپەش ئايتتى: ئاڭا ما يىغلايدىغانمۇ؟ ئىنى ماڭا ئايىسساڭ، مەن ئىلىپ بارمايمەنمۇ؟ ھىلىما يابدۇق قىلغىن! مەن ئىلىپ باراي! دىدى. ئەرتەسى يانا ئوغا چىقىپ كەتتى. ماما يانا كەلدى. ماما ئايتتى: ئىلىپ بارماقچى بولدىمۇ؟ خوتۇن ئايتتى: يابدۇق قىلغىن ئىلىپ باراي! دىدى. دىگەندىن كىن ماما چىقىپ كەتتى.

بوزى كۆرپەش ئودىن كەلدى. يانا ئالدىغا چىقىپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئۆيىگە ئىلىپ كىردى. ئاندىن كيىن ئاتىسىنىڭ قىشىغا يۈردى. ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يەتتى. ئەرتەسى بوزى كۆرپەش ئوغا چىقتى. ئاتىسى ئايتتى: بولا قۇمدىن ئۆتۈپ ئوغا بارماڭ! ئۇ يۈر يامان يەر! دىدى. بوزى كۆرپەش بىرىپ قىزىق بولغانچا ئۇ قۇمدىن ئۆتۈپ

كەتتى. بىر يەرگە بېرىپ ئۇسسىدى، سۇ ئىچەي (دېسە ـ ت) ھېش يەردىن سۇ تاپالمىدى. قارىسا بىر ماما تېزەك تېرىپ يۈرىدۇ. شۇ مامادىن سوراي! سۇ بار يەرنى شۇ بىلەن، دەپ مەمىنىڭ قېشىغا كەلدى. كېلىپ ئايتتى: ماما، سۇ بارمۇ بۇ يەردە؟ مەن تولا ئۇسسىدۇم، دېدى. ماما ئايتتى: ئاي بالام بۇ چۆلدە ھېش يەر (دە ـ ت) سۇ يوق، دېدى. كۆكۈرۈڭدە نېمە بار؟ دېدى. ماما ئايتتى: مېنىڭ ئىچىدىغان سۈيۈم بار، دېدى. ئانداق بولسا سۈيۈڭدىن ماڭا بەرگىن! بىر ئىچەي! ماما ئايتتى: سېنىڭ ئاستىڭدا مىنگەن ئېتىڭ بار، سەن ھەرقاي يەردىن سۇ تېپىپ ئىچەلەسەڭ. مەن كېيرى كىشى قايدىن تاپىمەن. دېگەندىن كىن بوزى كۆرپەش: مەن ئازراق بىر يۇتۇم ئىچەي! دېدى. ماما كۆكۈرنى بەردى. ئازراق ئىشكىن، دەپ ئول كۆپ ئۇسسىغان كىشى كۆكۈرنى قولىغا ئېلىپ ھەممىسنى ئىشتى. ئۇ كۆكۈردىكى قىرىق يىلدىن ساقلانغان كۆشلۈك ھاراق ئىدى. ئېنى ئىچىپ مەس بولۇپ ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ماما كېلىپ ئېنىڭ قول ئايىغىدى بېكىتىپ باغلىدى. بايىقى يىگىتنى قىچىردى. مۇنى ئەمدى دەرەخ تۈۋىگە ئېلىپ بار! دەرەخكە بېكىتىپ باغلىغىن! ئاندىن كىن چىپىپ ئۆلتۈر! ئىكسى ئەمدى كۆرپەشنى دەرەخ تۈۋىگە ئېلىپ باردى. دەرەككە بېكىتىپ باغلىدى. بىر ئۆتمەددىغان قىلىچ بىلەن چىپىپ ياتىدۇ.

بوزى كۆرپەش كۆزىنى ئېچىپ قالسا، قول ئايىغىنى دەرەككە باغلاپتۇ. باياقى سۇ بەرگەن ماما، يانا بىر يىگىت بىر قاشالىق قىلىچ بىلەن چىپىپ ياتىدۇ. بوزى كۆرپەش ئايتتى: ئى ماما، مېنى ئوينىاپ چاپامسەن؟ چىللاپ چاپامسەن؟ دەپ سورىدى. ماما ئايتتى: سېنى ئۆلتۈرگىلى راس چاپىمەن، دېدى. مەن ساڭا نېمە ياماندىق قىلغان، سەن مېنى ئۆلتۈرسەڭ؟ دېدى.

ماما ئايتتى: سېنى ئۆلتۈرۈپ ئات تونۇڭنى ئالىمەن! دېدى. دېگەندىن كىن ئايتتى: مېنى راس ئۆلتۈرىدىغان بولساڭ، قونجۇمدا قىلىچ بار، شۇنىڭ بىلەن چىپىپ ئۆلتۈر! دېدى. ئاندىن كىن ئىكى قىسما سۆزۈم بار، ئېنى قىل! مېنىڭ ئىچىمدە بىر چار تاش بار. سەن ئېنى يۇتقىن! مېنىڭدەك بىر ئەر بولسەن، دېدى. ئىچىمدىن بىر ئىلان چىقىدۇ. بىلىڭگە باغلىغىن! مېنىڭدەك بىر ئەر بولسەن، دېدى. ئۇ سۆزلەرنى ئايتتى: ئەمدى چاپقىن! دېدى. ئاندىن كىن چاپتى، ئىچىدىن بىر چار تاش چىقتى. ماما ئايتتى: بىللە كەلگەن يىگىتنى: بۇ تاشنى سەن يۇتقىن! دېدى. ئول ئايتتى: قۇدۇققا تاشلىغىن! قۇدۇققا تاشلىدى. قۇدۇقنىڭ سۈيى قۇرۇدى. بىر ئىلان چىقتى. ماما ئايتتى: بېلىڭگە باغلىغىن! دېدى. ئول ئايتتى: دەرەككە باغلا! دېدى. دەرەككە باغلىدى. دەرەخ قۇرۇدى. ئۆلتۈرگەندىن كىن ئات تونىنى ئالدى. ئۇ يەردىن كەتتى.

بوزى كۆرپەش ئول كۈنى ئۆيىگە كەلمىدى. خوتۇنى ئەرتەسى ئىستەپ چىقتى. بۇقايدا كەتتى. دەپ بىر تۈشمەن ئۆلتۈردى. دەپ ئىستەپ يۈردى. بايىقى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدى، كەلسە، ئېرىنى كىشى چىپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئېنى كۆرۈپ ھۇشىدىن كەتتى. بىر ۋاختىن كىن ھۇشىغا كەلدى. ئۆز كۆزىنى تاتىلاپ كۆپ يىغلىدى. ئاندىن كىن كۆڭىندە ئايتتى. ئەمدى مۇنى بىر قارا كەگىزگە يۆرگەپ يەردە قويماي قىرىق كېچە ـ كۈندۈز كۆتەرسەم تىرىلەرمىكىن، دەپ بىر قارا كىگىزگە يۆرگەپ كۆتەردى. ئوتتۇز توغۇس كېچە ـ كۈندۈز كۆتۈرۈپ يۈردى. بىر كېچە ـ كۈندۈز قالغاندا باياقى ماما ئۇچۇردى. ئېنى كۆرۈپ ماما سورىدى: بالام نېمە قىلىپ يۈرسەن؟ بۇ كۆتەرگېنىڭ نېمە؟ ئول خوتۇن ئايتتى:

ئېرىمنى بىر تۈشمەن چىپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز كۆتەرسەم تىرىلەرمىكىن دەپ كۆتەرىپ يۈرىمەن. دېدى. ئول ماما ئايتتى: ئەي بالام قارا كىگىز يۇغاندا ئاقىرامدۇ؟ دېدى. ئۆلگۈنى كۆتەرگەنگە تىرىلەمدۇ؟ دېدى. ئانداق دېگەندىن كىن يىغلاپ يەردە قويدى. يان كىرىپ يەرگە قويغاندىن كىن «ئۇف» دەپ يېنى چىقىپ كەتتى. ئول ماما ئۇچۇرمىسا، يانا بىر كېچە ـ كۈندۈز كۆتەرسە، بوزى كۆرپەش تىرىلەتتى. ئاندىن كىن ئۆلۈگنى شەھەرگە ئېلىپ باردى. گور كولۇتۇپ يەرگە كۆمدى. ئۆزى بىر نەچچە يىل ئاتىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. بىر كۈنى ئۆزى ھەم ئۆلدى. بوزى كۆرپەشنىڭ يېنىدا يەر كولاپ ئېنى ھەم شۇ يەرگە كۆمدى.

توپلىغۇچى: رادلوف

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# تاجىكلارنىڭ قەبرىلەرگە قوتاز قۇيرۇقى ئېسىش ئادىتى

ۋارىسجان ئاتاخان

تاجىكلار پامىر ئېگىزلىكىدە ياشاپ كەلگەن قەدىمىي مىللەت بولۇپ ئۆزىگە خاس ياشاش جەريانىدا ئۆز ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ كەلگەن ۋە ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەنە شۇ ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلىرى ئىچىدە ئەڭ يارقىن نامايەندىسى، تاجىكلارنىڭ قەبرىلەرگە قوتاز قۇيرۇقى ئېسىپ قويۇش ئادىتىدۇر.

تاجىكلارنىڭ قەبرىگە قوتاز قۇيرۇقى ئېسىپ قويۇش ئادىتى تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلگەن ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرىدۇر. تاجىكلار ئادەتتە قەبرىلەرنى ناھايىتى بەك ئۇلۇغلايدۇ، ھەر يىلى دېگۈدەك بارات ئېيى، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت، شاۋگۇن باھار (نورۇز بايرىمى) قاتارلىق خاسىيەتلىك بايرام كۈنلىرىدە، ئازنە-پەيشەنبە كۈنلىرى قەبرىستانلىققا چىقىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا سېغىنىپ ئىستىغپار ئوقۇيدۇ.

تاجىكلار ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنى پاكىز چىرايلىق يۇيۇپ تاراپ داكا، خام خەسە بىلەن كېپەنلەپ نامىزىنى ئوقۇپ تۇپراققا دەپنە قىلىدۇ ھەم شۇ دەپنە قىلىش جەريانىدا قوتاز قۇيرۇقىنى چىرايلىق لاتىلارغا ئوراپ قەبرىلەرگە ئىككى-ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى ياغاچ تاياق بىلەن ئېسىپ قويىدۇ، تاجىكلارنىڭ قەبرىلەرگە قوتاز قۇيرۇقىنى ئېسىش توغرىسىدا ئەل ئىچىگە مۇنداق رىۋايەت تارالغان.

رىۋايەتلەردە سۆزلىنىشىچە خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر مۇنچە ئادەملەرنى باشلاپ داۋان ئېشىپ قار-مۇزلۇق يولغا كەلگەندە مېڭىشقا ئىمكانىيەت قالماپتۇ، شۇ چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر ئاق تاشقا مىنىپ چۇ جانىۋارىم دېگەن ئىكەن، شۇ زامان تاش قوتازغا ئايلىنىپ، خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كەلگەنلەرنى داۋاندىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ تاجىكلار قوتاز قۇيرۇقىنى قەبرىستانلىقتىكى مازار-ماشايىخلارغا تۇغ ئورنىدا قاداپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن.

تاجىكلارنىڭ قەبرىلەرگە قوتاز قۇيرۇقى ئېسىپ قويۇش ئادىتى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، يايلاق ئەۋزەللىكى، جۇغراپىيەلىك مۇھىت بىلەن زىچ ماسلاشقان بولۇپ، ئۇ تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادىتى، تۇرمۇش شارائىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

تاجىكلار ئېگىز تاغ يايلاقلىرىدا چارۋا - مال بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مىللەت بولغاچقا، قوتاز گۆشى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىستېمال بۇيۇمى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىز تاغ يايلاقلىرىغا كۆچكەندە قوتازنى كۆپلەپ ئىشلەتكەچكە قوتازغا بولغان ئۇلۇغلۇق، قوتازغا بولغان سىغىنىش ھېسسىياتى ناھايىتى ياخشى مۇجەسسەملەنگەن، شۇڭا تاجىكلار ئۆلۈپ كەتكەندە قەبرىلەرگە قوتاز قۇيرۇقى ئېسىپ قويۇشنى ئەڭ شەرەپلىك ئىش ھېسابلايدۇ، شۇڭلاشقا تاجىكلارنىڭ قەبرىلەرگە قوتاز قۇيرۇقى ئېسىپ قويۇش ئادىتى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن ئېسىل ئۆرپ - ئادەت بولۇپ، بۇ تاجىكلارنىڭ ئېستېتىك تارىخىنى، ياشاش شارائىتىنى ۋە ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ كەلمەكتە.

# تاجىك ئاياللىرىنىڭ ناۋرى «ناشتا» ئاپىرىش ئادىتى

تاجىكلار قەدىمدىن تارتىپ پامىر ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلىپ ھەرقايسى جايلاردا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى مىللەت بولۇپ، ئۆزىگە خاس قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە ياشاش ئالاھىدىلىكى بىلەن، جۈملىدىن باشقا مىللەتلەر بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، ناۋرى «ناشتا» تاجىك ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم بىر مەزمۇن سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ھەممە كىشىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل مەدەنىيەت پائالىيىتىدۇر.

ناۋرىدا ئاساسەن ئاياللارنىڭ ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا قىز بالا توي قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قىزنىڭ ئەڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرى بولۇپ 10 - 20 چە قىز - ئايال ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توي قىلغان يىگىت بىلەن كېلىنچەكنى يوقلايدۇ.

يوقلاشتا ئالدى بىلەن قىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ بىردىن ئۆچكە ياكى بىردىن پاقلان بىلەن يوقلاپ بارىدۇ، يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ بارغان ئەزىز مېھمانلارغا بىرەر جانلىقنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ، ياخشى ئىززەت - ئىكرام بىلەن مېھمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرەر كىيىملىك ئېسىل رەخت ياكى پەلتۇ - چاپاننى ئالدىغا قويۇپ بۇ ئەزىز مېھمانلارنى ئۇزىتىدۇ.

بۇ يەردە ئالقىشلاشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش ناۋرى ئاپىرىشتا ئەرلەرنىڭ بىللە قوشۇلۇپ بېرىشىغا ھەرگىز رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ناۋرى ئاپىرىش تاجىك ئاياللىرىنىڭ بولغۇسى كېلىنچەكنىڭ ئېپپەت - ھاياسىنى ئۆز ھالال جۈپتىگە ساقلاپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان بىر ئەخلاقىي پائالىيەتتۇر، شۇڭا ناۋرىنىڭ بارلىقتا كېلىشى تاسادىپىي نەرسە ئەمەس، بەلكى نىكاھ - ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ تەلىپى بىلەن تەبىئىي ھالدا بارلىققا كەلگەن، ئەجداد ئۇدۇمى ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ تەرەپلىمە مەسئۇلىيەت ئاڭلىقلىقنىڭ مەسئۇلى.

تاجىك ئاياللىرىنىڭ ناۋرى ئاپىرىش ئادىتى دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش بىلەن ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش، ئاياللارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ ئاياللىق خىسلىتىنى نامايان قىلىش، ساغلام پىسخىك كەيپىيات يارىتىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىتتىپاقلىق - ھەمكارلىق ئورنىتىش ھەم ئائىلە بىلەن جەمئىيەتنىڭ تىنچ خاتىرجەملىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: تاشقورغان ناھىيە قوغۇشلۇق يېزا ئەمگەك ئىجتىمائىي كاپالەت پونكىتىدا)

# كىلياڭ مەشرپيدىكى ئويۇنلار



(بيشى 3 ـ ساندا)

**7. ساتىراش**

ساتىراش مەيدانغا چىقىپ شاگىرتىنى چاقىرىدۇ.

شاگىرتى: ـــ ۋاي ئۇستام... ۋاي ئۇستام هۇنەر ئۆگىتمەن دەپ مىنى كۈندە خەقكە پەلتەڭ قىلىپ، يا تاپقان پۇلغا چىداپ پەلەگدىن بىرنى ئالمايتكەنلا.

ساتىراش: ـــ هەي سەن تولا گەپ قىلماي كىلە مىيەگە. قانچە كۈنىڭىزى هۇنەر قىلغان يەردىكىلەر تازىمۇ بىر پىخسىق نىمىلىكەن، هۇنەرنى ياخشى قىلمىدىڭ دەپ كۆپلىرى پۇل بەرمىدى، قورساقنىمۇ باقالمايۋاتساق پەلتەگگە

نەدە پۇل؟

شاگىرتى:— ھۆنەرنى ياخشى قىلماي خېرىدارنى قاچۇرۇۋەتسىلە ئەيىنداغ قورساقنىمۇ باقالمايمىز ئەينا.

ساتىراش:— بۇ يەردىكىلەر بىزگە ناتونۇش، شۇڭا كۆزىمىزنى بۇخارادىن كەلدۇق دەپ پونى يوغان ئاتىپ ھۆنەرنى باشلاۋېرىمىز ئاڭلىمىغانمۇ سەن يىراقتىكى موللا دا-موللا دەپ!؟

شاگىرتى:— ماقۇل ئۇستام ماقۇل، سازچىلار ساتىراشقا ماسلىشىپ تەڭكەش قىلىدۇ. ساتىراش قولىغا تاياقتىن بىرنى ئېلىۋېلىپ ئۇستىرا ئورنىدا ئىشلىتىپ قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئويۇننى باشلايدۇ

ساتىراش تۆۋەندىكىلەردىن خېرىدار ئىزدەيدۇ، ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى چىقىپ چاچ-ساقىلىنى ئالدۇرماقچى بولىدۇ، ساتىراش شاگىرتىنى ئورۇندۇق قىلىپ خېرىدارنى ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئويۇننى باشلايدۇ. سازچىلار ساتىراشقا ماسلىشىپ تەڭكەش قىلىدۇ:

ساتىراش: ئارا مەيجۇن ئارامە
بۇخارادىن كەلگەن مەن
ئارا مەيجۇن ئارامە.
ئۇستىر كالامپاي ساتىراش
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئۇستىرەمنى كاپلىۋېتىپ
ئارا مەيجۇن ئارامە

بۇ چاغدا ساتىراش چاپىنىنىڭ پېشىگە ئۇستىرىنى كاپلايدۇ:

ئاپتۇۋىدىن سۇ ئالىمەن
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئاپتۇۋىدىن سۇ بەرسىلە
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئاپتۇۋىدىن سۇ بەرسىلە
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئاپتۇۋىدىن سۇ ئالدىم
سازچىلار: ئاپتۇۋسى قانداقكەن؟
ساتىراش: ئاپتۇۋسى شىپشاڭغۇ
ئارا مەيجۇن ئارامە
مەن باشڭىزنى ژۇۋايتىمەن
ئارا مەيجۇن ئارامە

چىلاپچىدىن سۇ ئالىپ
ئارا مەيجۇن ئارامە
چىلاپچىدىن سۇ بەرسىلە
سازچىلار: چىلاپچىسى قانداقكەن؟
ساتىراش: چىلاپچىدا سۇ يوقىكەن
ئاپتۇۋىدىن سۇ ئالىپ
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئاپتۇۋىدىن سۇ بەرسىلە
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئاپتۇۋىدىن سۇ ئالدىم
سازچىلار: ئاپتۇۋسى قانداقكەن
ساتىراش: ئاپتۇۋسى غۇژمەككەن
ئارا مەيجۇن ئارامە

ئورۇندۇق بولغان شاگىرتى ئۇستىدىكى ئادەمنى پات-پات ئىتتىۋېتىدۇ، خېرىدار يىقىلىپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا

سازچىلار: پەلتىڭىزنىڭ شىنىسى بوش.
ساتىراش: پەلتىڭەمنى ئوڭلىۋېتەي.

(ئورۇندۇق بولۇپ ئولتۇرۇپ بەرگەن شاگىرتىنىڭ پەللىكىگە بىر نەچچىنى تېپىدۇ)

ئارا مەيجۇن ئارامە
لەپتىڭەمنى ئوڭلادىم
ئۇستىرەمنى كاپلىۋېتىپ
ئارا مەيجۇن ئارامە
مەن باشڭىزنى چۇشۇرىمەن
ئارا مەيجۇن ئارامە
مەن باشڭىزنى چۇشۇرۇپ بولدۇم
ئارا مەيجۇن ئارامە
ساقىلىڭىزنى ئېلىۋېتەي
ئارا مەيجۇن ئارامە
ساقىلىڭىزنى ژۇۋايتىمەن
ئارا مەيجۇن ئارامە

چىلاپچىدىن سۇ ئالىپ
ئارا مەيجۇن ئارامە
چىلاپچىدىن سۇ بەرسىلە
ئارا مەيجۇن ئارامە
چىلاپچىدىن سۇ ئالدىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سازچىلار: چىلاپچىسى قانداقكەن
ساتىراش: چىلاپچىسى يۇمىلاقكەن
ئارا مەيجۇن ئارامە
سۇيى بەكمۇ سوغۇقكەن
ئارا مەيجۇن ئارامە
ساقىلىڭىزنى ژىۋايتىمەن
ئارا مەيجۇن ئارامە
ساقىلىڭىزنى ئېلىۋېتەي
سازچىلار پەلتىڭىزنىڭ شىنىسى بوش
پەلتىڭەمنى ئولىۋېتاي
(ئورۇندۇق بولۇپ بەرگەن شاگىرتنىڭ پەللىكىگە يەنە تېپىدۇ)
ئارا مەيجۇن ئارامە
پەلتىڭەمنى ئوڭلادىم
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئۇستىرەمنى كاپلىۋېتىپ
ئارا مەيجۇن ئارامە
ساقىلىڭىزنى ئېلىۋېتەي
ئارا مەيجۇن ئارامە
خېرىدار ساقىلى ئاغرىپ كەتكەندەك ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.
ساتىراچ: ئانداغ تۇرۇڭ قاپاق باش
ئارا مەيجۇن ئارامە
مۇنداق تۇرۇڭ مونەك باش
(خېرىدارنىڭ باشلىرىغا ئۇرۇپ، بېشىدىن تۇتۇپ، ئۇياق، بۇياققا تولغايدۇ)
ئارا مەيجۇن ئارامە
ساقىلىڭىز قۇرۇپ قاپتۇ
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئاپتۇۋىدىن سۇ ئالاي
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئاپتۇۋىدىن سۇ بەرسىلە
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئاپتۇۋىدىن سۇ ئالدىم
سارچىلار: ئاپتۇۋىسى قانداقكەن؟
ئاپتۇۋىسى توقمەقكەن
ئارا مەيجۇن ئارامە
ئەمدى ئۇنىڭدىن قوقماقكەن

سازچىلار: پەلتىڭىڭىزنىڭ شىنىسى بوش
ساتىراش: پەلتىڭەمنى ئوڭلىۋېتاي
يەنە بايىقى ئورۇندۇق ئوڭشىغان ھەرىكەتنى تەكرارلايدۇ:
ئارا مەيجۇن ئارامە
پەلتىڭەمنى ئوڭلادىم
ئارا مەيجۇن ئارامە
ساقىلىڭىزنى ئېلىۋېتەي
ئارا مەيجۇن ئارامە
ساقىلىڭىزنى ئاپ بولدۇم
ئارا مەيجۇن ئارامە
قۇلىقىڭىزنى كولىۋېتەي
قولىدىكى كالتەكنى خېرىدارنىڭ قۇلاقلىرىغا دوقاسلىتىپ، قۇلاق كولىغان ھەرىكەتنى دورايدۇ.
ئارا مەيجۇن ئارامە
قۇلىقىڭىزنى كولاپ بولدۇم
ئارا مەيجۇن ئارامە

ساتىراش ھۈنەرنى توختىتىپ قانداق باشلىرىنى چۈشۈرۈپ بولدۇم، ساقاللىرىنىمۇ ئاپ بولدۇم، رازى بولدىلىمىكىن؟

خېرىدار: رازى بولىسىز، رازى بولىسىز تېخى، سىز ساتىراچ بولماي باشقا ئىش قىلسىڭىز بولغۇدەك. ۋايجان ۋايىيەي باشلىرىمنى، يۈزلىرىمنى ئاغرىتىپ مېنىڭ، ئېسىت قۇلاقلىرىم.

ساتىراش: خېلى راھەتلىنىپ قالدى دېسەم نېمە گەپ بۇ؟

خېرىدار: ھە راھەتلىنىپ قالدىم، راھەتلىنىپ تېخى چۈشىمۇ كۆرۈپتىمەن.

ساتىراش: ئەيىنداغ ئەينا راھەتلىنىپ قالسىز، چۈشىڭىزدە نېمىنى كۆرۈپسىز؟ ـــ دەيدۇ، خۇشال بولغان قىياپەتتە.

خېرىدار: نېمىنى كۆرەتتىم سىلى بوپتىلا بىر كۆك ئېشەك، مەن بولۇپتىمەن بىر باش چامغۇر، سىلى كېلىپ مېنىڭ بېشىمنى غارتىلدىتىپ غاجاۋاتقۇدەكمىشلا.

ساتىراش: شۇنداق بولسىمۇ چاچ ساقاللىرىنى ئاپ قويدۇم، مەن ئۇنداق ـ مۇنداق ساتىراشلاردىن ئەمەس، ئا بۇخارادىن كەلگەن ساتىراشمەن، پۇل بەرسىلە پۇل.

خېرىدار بىر مۇنچە قاقشىغاندىن كېيىن يېنىدىن بىر تەڭگە بېرىپ كېتىپ قالىدۇ.

ساتىراش: ئاپلا يەنە پۇل تاپالمىدۇق، بۇ يەردە- كىلەرمۇ تازا ئۇستامىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن، مالىڭ باشقا يەرگە بارايلى !

شاگىرت ئىنجىقلىغانچە ئورنىدىن تۇرۇپ، پەللىكـ- نى سىلايدۇ: ۋاي، ۋاي، ۋاي، ... ئېست سۆڭگەشلە- رىم... ئۇ ئاقسىغانچە ئۇستىسىغا ئەگىشىپ كىرىپ كېتە- دۇ.

**8. قارچۇغا تاشلاش (جازا) ئويۇنى**

سورۇنغا ئوۋچى قىياپىتىدە ياسانغان چاققان بىر بوۋاي كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ بىر تۇماقنى تەتۈر ئۆرۈپ، توم يىپ بىلەن ئوتتۇرىسىدىن چىگىپ «قارچۇغا» قىلىپ، ئۇنى قولىغا قوندۇرغان قىياپەتتە بىر قولىدا تۇتۇۋالغان، يەنە بىر قولىدا يىپنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتقان.

ئوۋچى: ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

مەشرەپ بېگى: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئوۋچى: مېنىڭ بىر قارچۇغۇم بار ئىدى، مۇنداق قارىسام مۇشۇ يەردە قۇشلىسام بولىدىغان نۇرغۇن نەر- سىلەر بار ئىكەن، رۇخسەت قىلسىلا بىر قۇشلىسام بو- لامدىكىن.

مەشرەپ بېگى: مەشرەپ ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىجازەتمىكىن، ئۇستاز دەپ سورايدۇ.

مەشرەپ ئۇستىسى: ئىجازەت!

مەشرەپ بېگى: (ئوۋچىغا) قېنى، مەرھەمەت.

(ئوۋچى «قارچۇغا»نى كۆتۈرۈپ سورۇننى ئايلى- نىپ، تۇيۇقسىزلا «هايت!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە «قار- چۇغا» بىلەن بىر چوكاننى ئۇرىدۇ ۋە چاققانلىق بىلەن يىپنى تارتىپ «قارچۇغا»نى قايتۇرۇپ.

مەشرەپ بېگى: باقشىم، نېمە قۇشلاپلا؟

ئوۋچى: كاس - كاس سېغىزخاندىن بىرنى قۇش- لاپتىمەن !

مەشرەپ بېگى: نېمىش قېپتىكەن ئۇ سېغىزخان؟

ئوۋچى: مەشرەپنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇپ، باشقىلارنى گەپكە تۇتۇپتىكەن.

ئوۋچى: ئوبدان قىپلا باقشىم، ئوبدان قىپلا.

(ئوۋچى سورۇننى ئايلىنىپ، ئالدىنقى ھەرىكەتنى تەكرارلاپ، بىر بوۋاينى قۇشلايدۇ).

مەشرەپ بېگى: نېمە قۇشلاپلا باقشىم؟

مەشرەپ بېگى: نېمىش قېپتىكەن ئۇ تورغاي؟

ئوۋچى: بۇ تورغاي ئۆتكەن سەيشەنبە كۈنى بىرمې- لەننىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىۋاپتىكەن.

مەشرەپ بېگى: ھە، ئوبدان قىپلا باقشىم!

(ئوۋچى سورۇننى ئايلىنىپ چىقىپ، تۇيۇقسىز نەغمە- چىنى قۇشلايدۇ).

مەشرەپ بېگى: باقشىم نېمە قۇشلاپلا؟

ئوۋچى: قاپقارا توشقاندىن بىرنى قۇشلاپتىمەن!

مەشرەپ بېگى: نېمىش قېپتىكەن ئۇ توشقان؟

ئوۋچى: شۇنداق ئوبدان مەشرەپ بولۇۋاتسا مۈگدەپ قاپتۇ، كۆرمەمىلا!

مەشرەپ بېگى: ئوبدان قىپلا باقشىم، ئوبدان قىپلا.

(ئوۋچى تۇيۇقسىز يەنە بىر ئەرنى قۇشلايدۇ).

مەشرەپ بېجى: نېمە قۇشلاپلا باقشىم؟

ئوۋچى: ئورۇق بىر كەكلىك قۇشلاپتىمەن، غوجام.

مەشرەپ بېگى: نېمىش قېپتىكەن ئۇ كەكلىك؟

ئوۋچى: نېمىش قىلاتتى، ئۇ كەكلىك تونۇگۈن سۇغا چىققان بىر چوكانغا كۆلنىڭ بېشىدا چاقچاق قېپتىكەن.

مەشرەپ بېگى: ئوبدان قىپلا باقشىم، ئوبدان قىپلا. ئەمدى سىلى بىردەم ئارام ئالسىلا، سىلى قۇشلىغان ئۇ كەكلىك بىزگە بىر ئورۇن كۆرسىتىپ بەرسەنمۇ؟

ئوۋچى: شۇنداق قىلسۇن.

ئوۋچى كىرىپ كېتىدۇ.

**9. قونچاق ئويۇنى**

(نەغمىچىلەر «قونچاق ئۇسسۇلى»نىڭ مۇزىكىسىنى چېلىپ ناخشىسىنى باشلايدۇ. تەمبەل بىر ئادەم ئۇستىگە ئايالچە كىيىم كىيدۇرۇلگەن بىر قونچاقنى كۆتۈرۈپ سو- رۇنغا كىرىدۇ، ئىككى يىگىت قونچاقنى چۆرگىلەپ ئۇس- سۇلغا چۈشىدۇ. بۇ ئويۇندا بايقى «كەكلىك» بەدىنىنى ئا- يالچە كىيىم بىلەن يېپۇېلىپ، ئىككى پۇتىنى قونچاقنىڭ قولى قىلىپ، ئىككى قولىنى قونچاقنىڭ بېشى قىلىپ، مۇ- زىكىغا كەلتۈرۈپ قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. ئىككى يىگىت بولسا، خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر قىزغا چاقچاق قىلغاندەك، يەنى ئۇ قىزنى ئىككى يىگىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تالاشقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ مەشرەپ ئەھلىنى كۈل-
دۈرىدۇ)

ئوڭ يانغا تاشلاپ ئويناسۇن،
سول يانغا تاشلاپ ئويناسۇن.
چاچىغا ئاسقان لىنتىسىنى،
يانغا تاشلاپ ئويناسۇن.

يا ئۇيانلىق بولمايدۇ،
يا بۇيانلىق بولمايدۇ.
ئوتمىگىز يامان خانىم،
چىدىغىلى بولمايدۇ.

ئوڭ يانغا تاشلاپ ئويناسۇن،
سول يانغا تاشلاپ ئويناسۇن.
چاچىغا ئاسقان لىنتىسىنى،
يانغا تاشلاپ ئويناسۇن.

بىزنىڭ باغدا ياڭاق بار،
ئىچەي دېسىلە شاراب بار.
بىكار گەپنى ئاز قىسلا،
ئاھانەت بىلەن تاياق بار.

ئوڭ يانغا تاشلاپ ئويناسۇن،
سول يانغا تاشلاپ ئويناسۇن.
چاچىغا ئاسقان لىنتىسىنى،
يانغا تاشلاپ ئويناسۇن.

ساماۋەرلەر بولسىدى،
چايلىرى قايناپ تۇرسىدى.
بىر چىنە چاينى ئىچكۈچە،
يارىم ئويناپ تۇرسىدى.

ئوڭ يانغا تاشلاپ ئويناسۇن،
سول يانغا تاشلاپ ئويناسۇن.
چاچىغا ئاسقان لىنتىسىنى،
يانغا تاشلاپ ئويناسۇن.

ئېرىق بويى چىم بوپتۇ،
چىم بولغانغا نىم بوپتۇ.
يارىم بوشراق ناز قىلسۇن،
بىر سۆيگەنگە نىم بوپتۇ.

ئوڭ يانغا تاشلاپ ئويناسۇن،
سول يانغا تاشلاپ ئويناسۇن.
چاچىغا ئاسقان لىنتىسىنى،
يانغا تاشلاپ ئويناسۇن.

مۇزىكا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جازا ئىجرا قىلىنغۇچى قونچاقنى يەردە قويىدۇ، قونچاق كۆڭلەكتىن چىقىپ، مەشرەپ ئەلىگە ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ، تۆت نەپەر ئادەم كەلىپ مەشرەپ ئەھلى بىلەن خوشلىشىپ سەھنىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

رەتلىگۈچى: توخسۇن ھۈسىين ئەلقۇت
(گۇما ناھىيە كىلياڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە)

## ئاپتورلار سەمىگە:

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە. رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈ-رۈشتۈرۈلىدۇ!

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# قاغا ئوبرازى ھەققىدە



ئادىلە ئىدرىس

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل ھادىسىلەر، جانلىقلار قەدىمدىنلا ئىنساننىڭ تۇرمۇشىغا، تەپەككۇرىغا، ئۆرپ-ئادەتلىرىگە تەسىر قىلىپ كەلگەن، بۇنىڭ ئىپادىلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەڭ يارقىن ئەكس ئېتىپلا قالماي، يازما ئەدەبىياتتىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بەزى ھايۋانلار تەسۋىرى بىلەن پىسخىك تەسۋىر ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ، بىز بۇ ماقالىمىزدە قاغا ئوبرازىنىڭ خەلقىمىز ئېڭىدىكى تەسىرىنى ۋە ئەدەبىياتىمىزدا قانداق ئەكس ئەتكەنلىكىنى تەھلىل قىلىمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ماقال-تەمسىل بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىدا شەكىللەنگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن ئەقىل-پاراسىتىنىڭ بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن ئەكس ئېتىشىدۇر، شۇڭا ماقال-تەمسىللىرىمىزدىكى قاغا ئوبرازىمۇ مۇنداقلا ئاددىي ئوبراز ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى قاغا بايانىغا قاراپ باقايلى: قاغىنىڭ ئېقى يوق، ياخشىلىقنىڭ چېكى؛ قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق؛ قاغا تۆت قاراپ بىر چوقۇيدۇ؛ قاغا چوقۇپ بەردى، بۆرە يەپ بەردى؛ قاغا دان تاپسا، كۆمىدىغان جاي تاپالماپتۇ؛ قاغا قاغا بىلەن تېزەك ئۈستىدە تېپىشىپتۇ؛ قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇماس؛ قاغا «قاق» دېمىسە قۇشلارنىڭ كۆزىنى چوقۇپ بولار ئىدى؛ قاغ قاق ئېتەر، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتەر؛ قاغا كەپتەر دوست بولماس، دوست بولسىمۇ نەپ بەرمەس؛ قاغا كۆكتە بولسىمۇ، كۆزى يەردىكى پوقتا؛ قاغىغا ئاتسام كالىغا تەگدى؛ قاغىغا ئوق ئاتما، يامانغا سۆز ئاتما؛ قاغىغا ئۈلپەت بولساڭ، يېيىشىڭ تاپ؛ قاغىغا تاش كۇپايە، سۆز بىھۇدە؛ قاغىنىڭ قارغىشىغا ئېشەك ئۆلمەس؛ قاغا كۆلگە چۈشسىمۇ غازغا ئايلانالماس؛ قاغىنىڭ قېرىسىنى بىلگىلى بولماس، ئادەمنىڭ ئالىسىنى بىلگىلى بولماس؛ ئىككى قاغا پوق تالاشسا، ئوقچىغا پايدا ①.

يۇقىرىدىكى ماقال-تەمسىللەرگە قارايدىغان بولساق، قاغىنىڭ رەڭگىنىڭ قارىلىقى، تاپ (ئۆلۈك) يەيدىغانلىقى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزاق بولىدىغانلىقىدەك تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، قاغا يامانلىققا، نادانلىققا

سىمۋول قىلىنىپ، قارا نىيەت، ھىيلىگەر كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇنداقلاردىن ئاگاھ بولۇش تەكىتلەنگەن. دېمەك ماقال-تەمسىللىرىمىزدە قاغا يامانلىققا بېشارەت دەپ قارىلىپ، قاغىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادىتىمىز بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ھەممىمىزگە تونۇشلۇق «ئۇر توقماق»تا قاغا بوۋاينى تۈگىمەس مال-دۇنياغا ئىگە قىلىدىغان، پادىشاھنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ باياشاتچىلىققا، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرىدىغان خاسىيەتلىك قۇش سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ، ئەمما چۆچەكنىڭ تۈگۈنىنى تەھلىل قىلساق ئۇ يەنىلا بوۋاي قۇرغان تۇزاققا چۈشۈپ بوۋايدىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ، بوۋايغا ياخشىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇلاي بىلەن قاغا» چۆچىكىدە قاغا ئۇلاي بىلەن چېلىشماقچى بولۇپ، كىم يەڭسە يەڭگىنى يېڭىلگىنىنى يېيىشنى توختام قىلىپ يەتتە كېچە-كۈندۈز چېلىشىدۇ، ئاخىر قاغا ئۇلاينى يېقىتىپ، ئۇلاينى يېمەكچى بولىدۇ، لېكىن ئۇلاي قاغىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۇزۇن سەپەرگە ماڭغۇزۇپ، تۆمۈرچىگە ئورغاق ياستىپ شۇ ئورغاق قاغىنىڭ بويىنىنى كېسىۋېتىپ، قاغا ئۆلۈپ چۆچەك تامام بولىدۇ، بۇ ئىككى چۆچەكنىڭ تۈگۈن ئورتاقلىقى ئوخشاشلا قاغىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن پايدىلىنىش.

قاغا تاپ يەيدىغان بولغاچقا ئاساسەن چۆللەردە، جاڭگالدا ياشايدۇ، ئادەملەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كۆجۈم مەھەللىلەردە ئاساسەن قاغا بولمايدۇ، بولسىمۇ قىش پەسلىدە ئانچە-مۇنچە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. قاغا ياڭاقنى ئېلىپ قېچىپ دالىغا كۆمۈپ قويۇپ، كېيىن نەگە كۆمگىنىنى تاپالمايدۇ دەيدىغان قاراش ھېلىھەم بار. بۇنىڭدىنمۇ قاغىنىڭ دۆتلۈكى چىقىپ تۇرىدۇ. قاغا ئۆيلەرگە يېقىن جايدا قاقىلىدىسا كىشىلەر بۇنى شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ «قاغاپ بېشىڭنى يەرسەن» دەپ، قاغىنى ھەيدىۋېتىدۇ. ھۇۋقۇش ھۇۋۇلىغان جاي خانىۋەيران بولىدۇ دەپ قارىغاندەك، قاغىنى شۇملۇقنىڭ، پالاكەتنىڭ بېشارىتى، سېغىزخاننى خۇش خەۋەرنىڭ بېشارىتى دەپ قارايدىغان ئادەت بار. قاغا بىلەن سېغىزخاننىڭ بۇ خىل سىمۋوللۇق ئوبرازى خەلق قوشاقلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

سېغىزخان سايراپ كەتسە
خۇش خەۋەرغۇ دەپتىمەن.
باغدا بۇلبۇل سايرىسا
سېنى كەلدى دەپتىمەن.

قاغىلارىۇ قاغىلار
تام تۆپىسىدە قاغىلار.
بىزنى تولا قاقشاتتى
زالىم بەگلەر، دورغىلار.

شۇۋرىغان ھۇۋۇلدايدۇ،
قاغىلار قاقىلدايدۇ.
دورغىلارنىڭ دەستىدىن
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ.

تام تۆپىسىدە بەش قاغا
بەشىلىسى ياش قاغا.
ئاھلىرىم قاچان يېتەر؟
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارغا.

قارا-قارا قاغىلار
قايرىلىپ ئۇچتى،
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارىم
كۆزۈمدىن ئۇچتى②.

كېرىيەدە مۇنداق قوشاقلارمۇ بار:
ۋاي قاغىلار
جان قاغىلار
خەقنىڭ يارىغا
گەپ قىلغان بىكار.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، دەسلەپكى ئىككى مىسراسى كېيىنكى ئىككى مىسرانىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلايدۇ، كۈچەيتىدۇ ياكى كېيىنكى مىسرادىن بېشارەت بېرىدۇ. يۇقىرىقى قوشاقلاردا سېغىزخان خۇشاللىقنىڭ، قاغا زۇلۇم، قاباھەت، شۇۋرىغان، قورقۇنچ، سېغىنىش، پىراقنىڭ بېشارەتچىسى بولغان. دېمەك قاغا شۇملۇق، زۇلۇم، قايغۇنىڭلا ئەمەس، يەنە سېغىنىش ۋە جۇدالىقنىڭ بېشارەتچىسى دەپمۇ قارالغان.

دانىيەنىڭ داڭلىق بالىلار چۆچەكچىسى ئاندېرسېنىڭ «ئەننى رېسبى» دېگەن ھېكايىسىدە ئەننى دېگەن ئايال بالىسى چۆكۈپ كەتكەن دېڭىز بويىدا كېتىۋاتقاندا بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ ئەننى رېسبىنىڭ ئالدىدىكى يولغا قونۇپ چىرقىراق ئاۋازدا قاقىلدىغاندا ئەننى شۇنداق دەيدۇ:

— ۋايجان، سەن تازا بىر شۇم قۇشقۇ!③.

دۇنيا مودېرنىزم شېئىرىيىتىدىكى تۆت مەشھۇر داستاننىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان ئامېرىكىلىق سىمۋولىزمچى شائىر ئېدگار ئاللان پونىڭ «قاغا» ناملىق داستانىدىمۇ قاغا ئىنساننىڭ غېرىبلىقىغا، تەنھالىقىغا، ئۈمىدسىزلىككە، تۇرمۇشتىكى مەنىسىزلىككە، نادانلىققا، قاباھەتكە سىمۋول قىلىنغان.

لۇشۈننىڭ داڭلىق ھېكايىسى «دورا» دا خۇلاۋشۇەن دېگەن بوۋاي سىل كېسەللى بولغان بالىسىنى ساقايتىش ئۈچۈن ئىنقىلابچى شىيايۈنىڭ قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى بالىسىغا يېگۈزىدۇ. بالىسى بەرىبىر ساقايمايدۇ. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا شىيايۈنىڭ قەبرىسىدە بىر قاغىنىڭ ئېچىنىشلىق سايراپ تۇرغانلىقى يېزىلىدۇ. بۇ يەردىكى قاغىمۇ كۆچلۈك سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئاپتور خەلقنىڭ نادانلىقىنى، ئىنقىلابنىڭ ۋاقتىنچە ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى، زۇلۇم ۋە قاباھەتنىڭ يەنىلا داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى قاغىنىڭ قەبرە ئۈستىدىكى ئېچىنىشلىق سايرىشىغا مۇجەسسەم قىلغان.

دېمەك، قاغىنىڭ ياشاش ئادىتى، رەڭگى، تۇرقى، ئاۋازى ئەدەبىياتتا قاغا ئوبرازىنىڭ سەلبىي ھالەتتە تەسۋىرلىنىشىگە سەۋەب بولغان، شۇنداقلا ئىنسانلار مەنىۋىيىتىنى تەسۋىرلەشتە، سىمۋوللارنى بېيىتىشتا تەبىئەتتىن ئىلھام ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز، ھەرقايسى ئەل ئەدەبىياتىدىكى قاغا ئوبرازىنىڭ سەلبىي ھالەتتە كەلگەن دائىرىدە كۆزگە چېلىقىشىدىن ئىنسان تەپەككۇرىدىكى، مەنىۋىيىتىكى، بولۇپمۇ فولكلوردىكى دۇنياۋى ئورتاقلىقنى بىلەلەيمىز.

پايدىلانمىلار:
① ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىل نەشرى، 428 - ، 429 - بەتلەر.
② ئابدۇراخمان ئەبەي قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى.
③ ئاندېرسېن «كەپسىز بالا» (خەنزۇچە) ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت نەشرىياتى، 2009 - يىل نەشرى 159 - بەت.

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

تېلېفون نومۇرى: 0991 _ 4554017

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**



# ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى پەرداز ئادىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

دىلبەر نۇرغوجا

«پەرداز» ـــ پارسچە سۆز بولۇپ، نەرسىلەرنىڭ سىرتىنى بوياش، سىلىقلاش يوللىرى بىلەن چىرايلىق كۆركەم قىلىش ياكى ھەر خىل گىرىم بۇيۇملىرى ۋە گىرىم سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ ھۆسن تۈزەش ۋە سۈنئىي گۈزەللىك ھاسىل قىلىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىستېمال مەنىسىدىن قارىغاندا، پەرداز قىلىش ـــ ئادەمنىڭ تېرە ۋە چاچلىرىغا پەرداز بۇيۇملىرىنى سۈرۈش ۋە سېپىش ئارقىلىق پاكىزلاش، ئاسراش، گۈزەللەشتۈرۈش ۋە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ياكى خۇش پۇراق پەيدا قىلىپ ياخشى بىر قىياپەت گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. پەرداز قىلىش دۇنياۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنسانلار تەبىئىي ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات مايلىرى ۋە مىنېرال ماددىلارنى بىۋاسىتە ھالدا ئىشلىتىپ ئۆز بەدەنلىرىنى قوغداپ ۋە ئاسراپ كەلگەن. پەرداز قىلىش ئادىتىنىڭ زادى قاچان باشلانغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر تارىخىي پاكىت يوق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى بوياپ ھەر خىل شەكىللەرنى سىزىشنى ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلانغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. قەدىمدە ئىنسانلار تۈرلۈك دىنىي مۇراسىملار، نەزىر-چىراغ ۋە ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە بەدەنلىرىنى ھەر خىل بوياقلاردا بوياپ پەرداز قىلىشقان. بۇ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا ئوۋ قىلىش ۋە ئىلاھلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولۇپ، ياشاشقا بولغان تەلپۈنۈشى ۋە ئۈزۈلكىسىز كۆپىيىش ئارزۇسىدا يۈز-كۆزلىرىنى ھەر خىل بويىغان، پەرداز قىلىش ئادىتىنى تەخمىنەن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىن كېيىن پەيدا بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ئۆز تەنلىرىنى بېزەشكە كۆڭۈل بۆلگەن.

يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە

ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ تەبىئىي ماددىلار ۋە ئۆسۈمە-
لۈكلەردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل گىرىم بۇيۇملىرى ۋە
پەرداز مەلھەملىرىنى ياساش، ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-
مەرۋايىتلاردىن زىبۇزىننەتلەرنى تاقاش، باش كىيىملىرىگە
قۇش پەيلىرىنى، گۈللەرنى تاقاشتەك تۈرلۈك شەكىل ۋە
ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆز ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۆز گۈ-
زەللىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلىشقا، شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىل-
غان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا نىيە،
كىروران، چەرچەن، ئاقسۇ كونا شەھەر ۋە قومۇل قاتار-
لىق جايلاردىكى قەدىمكى خارابىلىكلەر ۋە قەبرىلەردىن
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئېس-
تېتىك قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھەر خىل
تېپىلمىلار بايقالغان. مەسىلەن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ
شەرقىي شىمالىدىكى قەدىمىي شەھەر كىروران خارابىسىدىن
بايقالغان كىروران گۈزىلىنىڭ قەبرىسىدىكى ھەمدەپنە بۇ-
يۇملار ئىچىدە بىر سېۋەتتىن تۆت تال چىشى
قالغان ياغاچ تارغاق تېپىلغان ھەمدە ئۇنىڭ بېشىغا
ئاق پەي قىستۇرۇلغان بۆك كىيدۈرۈلگەن.
چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 2-نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە
قىلىنغان ئايال جەسەتنىڭ يۈزىگە ئەگلىك ئېتىلىپ،
ئىككى چېكىسىگە گۈل سىزىلغان، ئۇيغۇر ئاياللىرى
ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا چاچلىرىنىڭ رەتلىك،
پاكىز، ئۇزۇن ھەم كۆركەم، قاش-كۆزلىرىنىڭ قارا
ھەم نۇرلۇق، مەڭزلىرىنىڭ قىزىل بولۇشىغا ئالاھى-
دە ئەھمىيەت بەرگەن. ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق
دەۋرىدە كىشىلەر خىلمۇخىل پەرداز بۇيۇملىرى ۋە
بېزەكلەر بىلەن تاشقى كۆرۈنۈشىنى بېزەشكە باشلى-
غان. ئۇزاق دەۋرلەر جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيى-
نىش، ياسىنىش ئادىتى ۋە ئەنئەنىسى پەيدىنپەي
بېيىپ كۈچلۈك مىللىي تۈس ئېلىشقا باشلىغان، ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلار
ياراتقان ئەنئەنىۋى پەرداز قىلىش ئادىتىگە ۋارىسى-
لىق قىلىپ كەلدى، ئەمما جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى،
ئىقتىسادنىڭ تېز يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، پەرداز قى-
لىشنىڭ شەكىللىرى، پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ ماتېريال-
لىرى، پەردازنىڭ ئۇنۇمى قاتارلىقلاردا زور ئۆزگە-
رىش يۈز بەرمەكتە. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پەرداز ئا-
دىتى ۋە پەرداز بۇيۇملىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگە-
رىشلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىر
قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئېستېتىك قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەب
بولغان. قىز-ئاياللارنىڭ ئېستېتىك گۈزەللىك قارىشىنىڭ
ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ گىرىم قىلىش ئۇسۇلى
ۋە ئادەملىرىدىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىشلەر
بولدى.

ئىككىنچى، مەدىيە ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرى

ھەر خىل تەرجىمە فىلىملەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن يۈز
كۆرۈشۈشى نەتىجىسىدە، فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن تۈرلۈك
مەدەنىيەتلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ،
ئۇلارنىڭ ياسىنىشىدا ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى،
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر خىل گىرىم بۇيۇم ئېلان-تەش-
ۋىقاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئاياللارنىڭ گىرىم بۇيۇملى-
رىنى تاللىشىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقتى.





ئۈچىنچى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ تەسىرى

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ قورسىقىنىڭ توق، كىيىمىنىڭ پۈتۈن بولۇشى كاپالەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجلىرىنى ئويلىشىشقا باشلىدى. ئاياللار ئۆز كۆڭلىنى خۇشال قىلىش مەقسىتىدە پەرداز قىلىش سالونى ۋە ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىغا بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ پەرداز ئادەتلىرى رەڭدارلاشتى.

گۈزەللىكنى قوغلىشىش ھەر بىر كىشىنىڭ تۇغما ھوقۇقى. كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەتمۇ ئاياللارنىڭ جەلپكارلىقىنى نامايان قىلالايدۇ. گۈزەللىك — ھۆسن تۈزەش ئۇسۇللىرىنىڭ تۈرلۈك ماھارىتىگە باغلىق بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ كۆپ ھاللاردا ئىناق، ساغلام، جانلىق، قىزغىن كۈچلۈك بولغان ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيەدە ئەكس ئېتىدۇ. ئىنسان گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش تۈردىكى ئېستېتىك كۆز قاراشلىرى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئوخشىمىغان ئامىللارنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس گۈزەللىك قاراشلىرى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئۆلچىمىدە ئاياللارغا نىسبەتەن يۈز تېرىسى ئاق ھەم سۈزۈك، كۆزى نۇرلۇق، ئاغزى كىچىك ھەم يۇمىلاق، چېچىنىڭ قارا ھەم ئۇزۇن بولۇشىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان. گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى بىردەك بولمىسىمۇ، چىراي گۈزەللىكى پۈتۈن بەدەن گۈزەللىكىنىڭ كۆزى. ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىك ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە ساغلاملىق ئېھتىياجى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك خىزمەت قىلدۇرغان، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي گىرىم بۇيۇملىرى ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىگە ۋە گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان خىمىيەۋى گىرىم بۇيۇملىرىغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر ئاياللىرى تارىختا ئىشلەتكەن پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن ئالغان. ئاياللار پەرداز قىلىپ، ھۆسن-جامالىنى ياساپ يۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇكەممەل مەدەنىيەت تۈسىنى شەكىللەندۈرگەن. توي-تۆكۈن قاتارلىق ئالاھىدە مۇراسىملاردا مەخسۇس پەرداز قىلغاندىن باشقا يەنە ئادەتتىكى تۇرمۇشتىمۇ ياسىنىپ، پەرداز قىلىپ يۈرۈشنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىنى بەرپا قىلغان. ئۇيغۇرلاردىكى «ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە»، «قاش-كۆز جايىدا بولسا، قالغىنى بازاردا بار.» ... دېگەن ماقال-تەمسىللەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرداز قىلىش ئادىتىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

پايدىلانمىلار:

(1) دىلئارا ئابلىمىت: «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2001-يىللىق 1-سان.

(2) راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گىرىم بۇيۇملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى، 1989-يىل 12-سان.

(3) ئەلانۇر يۈسۈپ، گۈلزار سابىت: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك قارىشى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2007-يىل 6-ئاي.

(4) نۇرنىساخان: «تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى جىگدە يېلىمى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى، 1994-يىل 2-سان.

(5) ئېزىز ئابدۇللا: «قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە ياسىنىش مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» 1994-يىل 1-سان.

(6) تۇرنىسا روزى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى كىيىم-كېچەك، زىبۇ زىننەت مەدەنىيىتىگە نەزەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007-يىل 1-سان.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە تاشتۆپە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)



# كۇتۇپخانا ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى

ئايگۈل ئايۇپ

ئىنسانلار 21-ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بېرى ئۇچۇر كەسپى ۋە مەدەنىيەت كەسپىلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. ئۇچۇر ۋە مەدەنىيەت كەسپىلىرىنىڭ تەرەققىياتى كۇتۇپخانىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. مېدىيە ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىدە كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ كىتاب ئوقۇيدىغان كىشىلەر ئازلاپ كەتتى. جەمئىيەتتە كۇتۇپخانىلارنىڭ رولىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، ئۆگىنىش تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇشتا كۇتۇپخانىلارنىڭ رولىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، كۇتۇپخانىلارنى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى مۇھىم بىر پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش كۇتۇپخانىچىلىق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇپ قالدى. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا كۇتۇپخانىلار قانداق روللارنى ئۈستىگە ئالالايدۇ؟ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا كۇتۇپخانىلار قانداق روللارنى جارى قىلدۇرالايدۇ ھەم قانداق روللارنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئويلاندى ۋە بۇ ھەقتە بەزى مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ باردى. كۇتۇپخانىلارنىڭ فۇنكسىيەسىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر ۋە بۇ يۈزلىنىشلەرنىڭ كۇتۇپخانىلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدىشىغا بولغان تەسىرىنى چۈشىنىش بۇ مەسىلىلەرنى ئىلمىي، قايىل قىلارلىق جاۋاب تېپىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن كۇتۇپخانىلارنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**بىرىنچى، كۇتۇپخانىلارنىڭ رولى كۆپ خىللىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە**

كىتاب-ماتېرىياللارنى ساقلاش، ئاخباراتلارنى يەتكۈزۈش، ئەقلىي بايلىقلارنى ئېچىش، ئەقىل ئامبىرى قۇرۇش ۋە جەمئىيەت تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش — كۇتۇپخانىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر. كۇتۇپخانىلارنىڭ بۇ خىل ۋەزىپىسى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە داۋاملىشىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجى كۇتۇپخانىچىلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ

تەتقىق قىلىشنى، يېڭى تېخنىكا، ئىلغار ۋاستىلەردىن پايدى-
لىنىپ، كۇتۇپخانىلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى تېخىمۇ مۇكەممەل-
لەشتۇرۇش ۋە ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا.
كۇتۇپخانىلاردىكى قولايلىق شەرت- شارائىتلار، تېخنىكا
ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ غەيرىي ماددىي
مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش كۇتۇپخانىلارنىڭ رولى-
دىكى كۆپ خىللىشىش يۈزلىنىشىنىڭ بىرى. كۇتۇپخانىلار-
نىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارنىڭ فۇنكسىيەسىدە ئىپادىلىنىدۇ،
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىنسانىيەتنىڭ
ئورتاق بايلىقى، ئۇ مىللىي ئەنئەنىنى ساقلاش، مەدەنىيەت-
نىڭ كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم كاپا-
لىتى. كۇتۇپخانىلار ئۇچۇر تارقىتىش ۋە مەدەنىيەتنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش رولىدىن پايدىلىنىپ غەيرىي ماددىي
مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك
ئۇچۇرلارنى ۋە مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى تارقىتىشقا بو-
لىدۇ. «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش
ئەھدىنامىسى» نىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغاندا، غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش بولسا تەدبىر
قوللىنىش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ هايا-
تىي كۈچىنى ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە غەيرىي ماددىي
مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئالاھى-
دىلىكىنى جەزملەشتۈرۈش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش،
ساقلاش، تەتقىق قىلىش، قوغداش، تەشۋىق قىلىش، ۋا-
رىسلىق قىلىش ۋە جانلاندۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچى-
گە ئالىدۇ. كۇتۇپخانىلاردىن پايدىلىنىپ غەيرىي ماددىي
مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش، ساقلاش،
قوغداش ۋە تەشۋىق قىلىشقا بولىدۇ. ھەرقايسى كۇتۇپخا-
نىلار ئۆزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ۋە ئىلمىي
بولغان توپلاش ۋە ساقلاش بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەسەرلىرى ۋە
ھۆججەتلىرىنى ساقلاش ۋە قوغداش سىستېمىسىنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت
مىراسلىرىنى قوغداش خىزمەتچىلىرى ۋە كەڭ ئامما
ئۈچۈن قولايلىق، ئىلغار مۇلازىمەت قىلىشى ناھايىتى
زۆرۈر. كۇتۇپخانىلار غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلى-
رىنى قوغداش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن پائالىيەت سورۇنى
ھازىرلاپ بېرىپ تەشكىللىك مۇلازىمەت شەكلىنى يولغا
قويالىسا كۇتۇپخانىلارنىڭ بىلىم، ئۇچۇر جۇغلانمىسىنى ئا-
ۋۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۇتۇپخانىلارنىڭ جەمئى-
يەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا تەتقىقات
ئۆيى، دوكلات زالى، كۆرگەزمىخانا، مۇزىكا زالى،
مەيدان... قاتارلىق ھەرخىل بوشلۇقلاردىن پايدىلىنىشقا
بولىدۇ. بۇ خىل ئەسلىھەلەرنى ئىمكانىيىتى بار كۇتۇپخانى-
لاردا قۇرۇپ چىقىشقا بولىدۇ. ھازىرقى كۇتۇپخانىلىرى
شۇ جەمئىيەت ۋە رايوننىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇشقا
قاراپ يۈزلەنمەكتە. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى-
نى ئۈنۈملۈك قوغداش ئۈچۈن ئۇنى قوغدايدىغان ئورۇن-
نىڭ مۇۋاپىق بولۇش- بولماسلىقىغا قاراش كېرەك. بۇنىڭ
ئۈچۈن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئاساس-
لىق ئالاھىدىلىكىنى پىششىق بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.
گەرچە كۇتۇپخانىلار غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلى-
رىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس ئورۇن بولمىسىمۇ،
ئەمما بۇ كۇتۇپخانىلاردا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىرا-
سى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ دې-
گەنلىك ئەمەس. بەلكىم بەزى رايونلاردىكى كۇتۇپخانى-
لاردا، بولۇپمۇ بىر قىسىم ناھىيە- بازار كۇتۇپخانىلىرىدىكى
يەرلىك خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلىدى-
غان كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇشقا، ئۇلارغا بەزى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىشكە
بولىدۇ. يەرلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
بايقاش، خاتىرىلەش، رەتلەش قاتارلىق خىزمەتلەر شۇ
خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، چۈشىنى-
دىغان كىشىلەر تەرىپىدىن قىلىنسا خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىمۇ
يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. كۇتۇپخانىلار شۇنداق خادىملارنى
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەتقىقاتى خىزمىتى
بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللىسە، كۇتۇپخانىلار ئۆزىنىڭ
ئوقۇرمەنلىرىنى قەرەللىك يىغىپ غەيرىي ماددىي مەدەنى-
يەت مىراسلىرىنى تونۇشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش پائالىيەتلى-
رىنى تەشكىللىسە جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى قولغا كەل-
تۈرگىلى بولىدۇ. كەلگۈسىدىكى كۇتۇپخانىلارنىڭ فۇنكسى-
يەسى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەسلىدە بار
بولغان فۇنكسىيەلىرىدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر
نەچچە خىل ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ:

(1) كۇتۇپخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيەسى
كۇتۇپخانا خادىملىرى پەقەت بىلىمنى پىششىقلاپ

ئىشلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىدىـ
كى ئەمگەك قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلـ
دۇرۇشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. كۇتۇپخانا خادىملىرى
ئۆزىنىڭ تور بەتلىرى ئارقىلىق خىزمەت نەتىجىسىنى تورـ
لاشتۇرۇش شەكلى بىلەن ئۆزىگە يېڭى بازار ئىزدەيدۇ،
كېڭەيدۇ. مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى
بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۇتۇپخانىلارغا تايىنىش دەرىـ
جىسى تېخىمۇ يۇقىرىلايدۇ. ئۇلار كۇتۇپخانىنى بازا
قىلىپ، كۇتۇپخانىنىڭ ئۇچۇر ۋە بىلىم مەنبەسىگە باي بوـ
لۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات
نىشانىنى بەلگىلەيدۇ. كۇتۇپخانىلار ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىـ
رىش فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇشتا غەيرىي ماددىي
مەدەنىيەت مىراسلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەزمۇـ
نىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇش ناھايىتى مۇھىم.

(2) كۇتۇپخانىلارنىڭ كۆرسىتىش فۇنكسىيەسى

ئۆگىنىش تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇش سۈرئىتىنىڭ
تېزلىشىشى ۋە ئۆمۈرلۈك مائارىپنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشىـ
غا ئەگىشىپ، يېقىن كەلگۈسىدە كۇتۇپخانىلار كىشىلەرنى
ئەڭ جەلپ قىلىدىغان مەدەنىي پائالىيەت سورۇنىغا ئايلىنىـ
شى مۇمكىن. كۇتۇپخانىلارنىڭ ئوقۇرمەنلەر قوشۇنى بارـ
غانسېرى كۆپىيىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە، ھەر قاتلامـ
رىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە باشقا پائالـ
يەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۇتۇپخانىلار بىلەن زىچ مۇناسـ
ۋەتلىك بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەر دائىم كۇتۇپخانىغا كېلىپ،
بىلىم ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە ئىدىيەسىنى يېڭىلاپ
تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆگىنىش جەريانىدا قىممەت قاراش، دۇنيا
قاراش جەھەتلەردە تەدرىجىي بىردەكلىككە يۈزلىنىش
بىلەن بىللە، يەنە ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرى كۆپ خىللىشىشقا
قاراپ ماڭىدۇ. كۇتۇپخانىلارنىڭ ھەرخىل شەكىلدىكى مەـ
دەنىيەت مىراسلىرىنىڭ جەمگاھى بولۇشىغا ئەگىشىپ،
ھەرخىل ئەسەرلەر، كەشپىياتلار ۋە ئاغزاكى ۋە غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ئەسەرلىرى كۆرگەزمە قىلىنىپ
ھەم قوغدىلىش، ھەم پايدىلىنىش ئۈنۈمى يارىتىلىدۇ. ئاغـ
زاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۇتۇپخاـ
نىلارنىڭ مول ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر مەنبەسى بولۇپ قالـ
دۇ. ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
قوغداشنىڭ مەقسىتى ــ مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە
سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر. شۇڭا كۇـ
تۇپخانىلار پەقەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت
مىراسلىرىنى ساقلاپ، قوغداپلا قالماي، بەلكى يەنە
ئۇلارنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ، كىشىـ
لەرنى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىختىرالىرىدىن
ھەر ۋاقىت پايدىلىنىش، زوقلىنىش، ئوزۇقلىنىش ئىمكانىيـ
تى يارىتىپ بەرسە، كۇتۇپخانىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى
ۋە ئورنى تېخىمۇ يۈكسىلىدۇ. جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان
تۇرمۇش شەكلىدىكى خىلمۇخىل ئالاھىدىلىكلەرنى ئەينەن
ئەكس ئەتتۇرۇش، يېزىق بىلەن خاتىرىلىگەندە ماكان ۋە
زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان، ماكان ۋە زاماننىڭ
ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يوقاپ كېتىدىغان بەزى مەدەنىيەت
ئۇچۇرلىرىنى ئەينەن خاتىرىلەش، ساقلاپ قېلىش ھەمدە
ئېنىق بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدىغان، پەقەت كونكرېت
ئىش ـ ھەرىكەت شەكلىدە خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلانـ
غان يېپىق بىلىملىرىمىزنى ئېچىش ۋە ئېنىق بايان قىلىپ
بېرىش، شۇنداقلا كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش
ئۈچۈن، كىنو ۋاستىلىرى، ئۈن ـ سىن پىلاستىنكىلىرىدىن
پايدىلىنىپ، ئىنسانشۇناسلىق فىلىملىرىنى ئىشلەش لازىم.
ئىنسانشۇناسلىق فىلىملىرىنى ئىشلەشتە كىنو ئىنسانشۇناسلىقـ
نىڭ ئۇسۇل ۋە پرىنسىپلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش زۆرۈر
بولىدۇ. ئىنسانشۇناسلىق فىلىملىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن
كېيىن، ئۇلارنى كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئوـ
رۇنلاردا ساقلاپ كىشلەرگە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مەـ
راسى بۇيۇملىرىنى كۇتۇپخانىلاردىنمۇ تاپالايدىغان ئىمكانـ
يەت يارىتىپ بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق كۇتۇپخانىلارنى
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ نوپۇزلۇق ساقلىـ
نىش ئورنىغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن.

(3) كۇتۇپخانىلارنىڭ ئارامگاھى بولۇش فۇنكسىيەسى

خەلقنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە
ياخشىلىنىشى بىلەن، كۆڭۈل ئېچىش كەسپى ناھايىتى تېز
تەرەققىي قىلدى. كۇتۇپخانا مۇھىتى جىمجىت بولغاچقا،
كىشىلەرنىڭ خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئۆزىدىكى
روھىي بېسىمنى يېنىكلىتىش، روھىي كەيپىياتىنى تەڭشەشتە
كى مۇھىم تاللاش سورۇنى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى كۇتۇپـ
خانا كىشىلەرنى ئاڭلاش، كۆرۈش، ھېس قىلىش قاتارلىق
ھەرخىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشتا سىرتتىكىگە قارىغاندا
تېخىمۇ كەڭرەك بولغان خۇسۇسىي پائالىيەت بوشلۇقى
بىلەن تەمىنلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com



### 2. كۇتۇپخانىلارنىڭ فۇنكسىيەسى رەقەملىشىشكە قاراپ يۈزلىنەمەكتە

كۇتۇپخانىلارنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كۇتۇپخانىلاردىكى ساقلانمىلار بۇنىڭدىن كېيىن رەقەملىشىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. كۇتۇپخانىلاردىكى ئەسەرلەرنىڭ رەقەملەشتۈرۈلۈشى «رەقەملەشكەن كۇتۇپخانا» قۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە مۇھىم شەرتى. ئۇچۇر مەنبەسى ۋە ئەسەرلەرنى رەقەملەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش جەريانىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمۇ ئېلېكترونلۇق ئەسەر شەكلىدە كۇتۇپخانىلاردا ساقلىغاندا ساقلاش خىزمىتى تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ، لېكىن بۇ خىزمەت كومپيۇتېر، ئالاقە، نەشرىيات، قانۇن... قاتارلىق بىر قانچە تەرەپنىڭ تەڭ كۈچ چىقىرىشىنى ھەمدە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تاللاپ بېكىتىشنى، قوغداش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا يۇقىرى سەۋىيە ۋە ھەمكارلىق بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. كۇتۇپخانىلاردىكى ئەسەرلەرنىڭ رەقەملىشىش يۈزلىنىشى كېيىن قەغەزسىز كۇتۇپخانىلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. كۇتۇپخانىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق كىتابلارغا ئايلاندۇرۇلۇشى بىلەن قەغەز كىتابلارنىڭ ئورنىنى بارا-بارا رەقەملىك كىتابلار ئالىدۇ. ئەمما قەغەزسىز كۇتۇپخانىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ۋە نۇرغۇن مەبلەغ كېتىدۇ. شۇڭا، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى خاتىرىلەپ ساقلىغاندىن كۆرە، رەقەملىك ئەسەر ياكى ئېلېكترونلۇق كىتابلارغا ئايلاندۇرۇپ ساقلىغاندا زور مەبلەغ ۋە ئەمگەك كۈچى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. ھازىر جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەم كومپيۇتېر ۋە توردىن پايدىلىنىپ كېتەلمىگەچكە، ئەنئەنىۋى قەغەز ماتېرىياللار ساقلىنىدىغان كۇتۇپخانىلارنىڭ رەقەملەشكەن كۇتۇپخانىلارغا ئايلىنىشىغا دەخلى بولىدۇ.

### 3. كۇتۇپخانىلار كۆتكۈچىسىز مۇلازىمەت قىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە

ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كۇتۇپخانىلارنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى. ئۈنۈملۈك ۋە مۇكەممەل بولغان مۇلازىمەت قۇرۇلمىسى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن كۇتۇپخانىلاردىكى ئەسەرلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. كۇتۇپخانىلار مۇلازىمەت پوزىتسىيەسىنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەتتىكى ئاكتىپلىقنى قوزغىشى كېرەك. ھازىرغىچە نۇرغۇن كۇتۇپخانىلار ئېچىۋېتىلگەن مۇلازىمەت شەكلى، ھەقلىق مۇلازىمەت بىلەن ھەقسىز مۇلازىمەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، ئاكتىپ مۇلازىمەت شەكلى، قاراتما مۇلازىمەت شەكلى، كۆپ خىللاشقان مۇلازىمەت شەكلى قاتارلىق مۇلازىمەت شەكىللىرىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتوماتلاشقان مۇلازىمەت شەكلى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. كۇتۇپخانىلارنىڭ ئاپتوماتلاشقان مۇلازىمەت شەكلىنى قوللىنىشى ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىنىڭ خالىشى ۋە تاللىشىغا ئاساسەن ئۇچۇرغا ئېرىشىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. كۆتكۈچىسىز كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق ھەم ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشىگە ماس كېلىدۇ.

قىسقىسى، كۇتۇپخانىلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە قاتنىشىشىنىڭ ئەھمىيىتى زور. كۇتۇپخانىلار غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىكى مۇھىم تايانچ بولۇش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى ۋە تولۇق جارى قىلدۇرالىسا زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدۇ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا كۇتۇپخانا، مۇزېي، ئارخىپخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىن پايدىلىنىش كېرەك. كۇتۇپخانىلارنى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي گىمناستىكا مەيدانى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەيداندا ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بولۇشى بىر تەخىرسىز زۆرۈرىيەتتۇر.

---


پايدىلانمىلار:

1. ۋاڭ ۋېنجاڭ: «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (خەنزۇچە)، مەدەنىيەت-سەنئەت نەشرىياتى، 2006-يىلى 10-ئاي 1-نەشرى.

2. جاڭ جياڭخۇا، لى دىجۇن، چېن جىڭيۈەن، ياڭ گۇاڭخەي قاتارلىقلار يازغان: «كىنو ئىنسانشۇناسلىقى ھەققىدە بايان» (خەنزۇچە)، ئىجتىمائىي پەن ماتېرىياللىرى نەشرىياتى، 2000-يىلى 9-ئاي، 1-نەشرى.

3. ۋۇۋېيشى، شاۋۋېيلار تۈزگەن: «كۇتۇپخانىشۇناسلىق نەزەرىيەسى»، كاتالوگ ھۆججەتلىرى نەشرىياتى، 1988-يىل 6-ئاي، 1-نەشرى.

4. ئەنۋەر تاشتۆمۈر تەرجىمە قىلغان: «كۇتۇپخانا خىزمەت نەزەرىيەسى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا ۋە كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى 2002-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.


(ئاپتور: تۇرپان شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا)



# ئۇيغۇرلاردا ۋادەك مەدەنىيىتى

ئابدۇرېشىت مۇساجان توغرۇل

تۇرالغۇ ئۆي مەدەنىيىتى ــ ئىنسانلار مۇنتىزىم ئولتۇراقلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ھەرقايسى رايونلاردا ياشىغۇچى مىللەتلەر ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى ۋە تەبىئىي ماتېرىيال ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن ھەرخىل ئۆزگىچە ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭ رايونىدا، ئاساسلىقى سوقما تام، كېسەك تام، تاش تام ۋە ۋادەك تامدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك تام ياساش ئۇسۇلى كەڭ ئومۇملىشىپ، تورۇس بىردەك ياغاچ بىلەن يېپىلغان. سوقما تام بىلەن كېسەك تام ئاساسلىقى تۇپرىقى نىسبەتەن ياخشى بولغان تۈزلەڭلىك رايونلاردا كەڭ ئومۇملاشقان بولسا، تاش تام ئاساسلىقى تۇپرىقى ناچار ياكى توپا قىس بولغان تاغلىق رايونلاردا ئومۇملاشقان. ۋادەك تام ئاساسلىقى قۇملۇق ۋە شورتاڭ رايونلاردا كەڭ ئومۇملاشقان.

ۋادەك تام ئاساسلىقى ياغاچ ۋادەك، قومۇش ۋادەك، يۇلغۇن ۋادەك، قومۇش يۇلغۇن ۋادەك، بادرا ۋادەك، ئەنجان ۋادەك دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئەنجان ۋادەكتىن باشقا تۈرلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ئوخشاش، ۋادەكلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ئوخشاش ئەمەس. بۇ خىل ۋادەك تامنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى تۈۋرۈك بېكىتىش، تۈۋرۈكلەرنى بالداق ئارقىلىق بىر-بىرىگە چېتىش، ئۈستىگە سىنجا ئورنىتىپ، بالا قويۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ھەر بىر بۆلۈككە نىسبەتەن چوڭ تۈۋرۈكلەر بېكىتىلگەندىن سىرت، مۇۋاپىق ئارىلىقتا (ئادەتتە ئەڭ كەڭ بولغاندا ئىككى مېتىر، ئەڭ تار بولغاندا بىر مېتىر ئارىلىقتا) بىردىن تۈۋرۈك ئورنىتىلىدۇ، تۈۋرۈكلەرنىڭ ئاستى قىسمىغا يەر يۈزىدىن 10ـ 20 سانتىمېتىر ئېگىز، ئۈستى قىسمىغا سىنجىدىن 10ـ 20 سانتىمېتىر پەس قىلىپ توغرا بالداق ئورنىتىپ چېتىلىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىغا ئاستى-ئۈستى قىلىپ ئۈچ قاتار بالداق ئورنىتىلىدۇ. بۇ بالداقلار «ۋاخنا» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ شەكىلدە پۈتۈن ئۆينىڭ قۇرۇلمىسى ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋادەكلىنىدۇ. ياغاچ ۋادەك دەرەخنىڭ ئىنچىكىرەك بادىرىلىرى ۋە چاپان شال بىلەن ياسىلىدۇ. بادرا ۋە چاپان شال چوقۇم ھۆل، ئەۋرىشىم بولۇشى كېرەك. بەك توم بولۇپ، ئېگىش قىيىن بولسا، يېرىپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. ئوتتۇرا قىسىمدىكى ۋاخنىنىڭ ئاستى قىسمى ئايرىم، ئۈستى قىسمى ئايرىم توقۇپ ۋادەكلىنىدۇ. ۋادەك ئۈچ ۋاخنىنى ئاساس قىلىپ بادرىنى ئوتتۇرا ۋاخنىنىڭ كەينىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىككى ئۇچىنى ئاستى ۋە ئۈستى ۋاخنىغا ئېلىش ئۇسۇلىدا بىر ئوڭ بىر تەتۈر شەكىلدە توقۇلىدۇ (1-رەسىم). ۋادەك توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، سېغىز لاي بىلەن چاپلىنىپ، ئۆي قۇرۇلغاندا سۇۋاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

قومۇش ۋادەكتە بادرا ئورنىغا قومۇش ئىشلىتىلىدۇ. قومۇش بادرا بىلەن توقۇغانغا ئوخشاش توقۇلماي، بىر تۇتام قومۇش ۋاخنىغا تۈز ھالەتتە قويۇلۇپ، چېگىدە ئېشىلگەن ئىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىكە كۆلا ئارقىلىق ۋاخىنىغا باغلىنىپ ياسىلىدۇ، بۇ خىل كۆلا «باغىنا» دەپ ئاتىلىدۇ، هازىر باغىنا ئورنىغا سىم ئىشلىتىلىدىغان بولدى. باغلاشتا باغىنىنى قومۇشنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ۋاخىنىغا ئالماش ئارقىلىق باغلىنىدۇ، بۇ «باغىنىلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ۋادەك ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، قومۇشنى بىر تەرەپكىلا باغىنىلاپ ۋادەكلىنىدۇ. قومۇشنىڭ ئۈچى بىردەك ئوتتۇرا قىسمىغا قارىتىپ باغىنىلىدۇ (2-رەسىم). ئادەتتە تام ۋادەكلىرى شۇ هالەتتە پۈتىدۇ، ئۆي تېمى ۋادەكلىرى ۋادەكلىنىپ بولغاندىن كېيىن، سېغىز لاي بىلەن چاپلىنىپ، لاي قۇرىغاندا سۇۋاپ ياسىلىدۇ.

يۇلغۇن ۋادەك ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى توم يۇلغۇنلار بىلەن ياغاچ ۋادەك توقۇغاندەك توقۇپ ياسىلىدۇ (3-رەسىم)، يەنە بىرى ئىنچىكە يۇلغۇنلار بىلەن قومۇش ۋادەك ياسالغاندەك ياسىلىدۇ. يۇلغۇن قومۇش ۋادەك — يۇلغۇن بىلەن قومۇشنى ئارىلاشتۇرۇپ باغىنىلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ (4-رەسىم).

بادىرا ۋادەك — تۇۋرۇكلەر ئۈچ تال ۋاخىنا بىلەن چېتىلىپ، ئادەمنىڭ بېلىكى تومۇلۇقىدىكى بادىرىلارنى تىكلەپ تىزىپ، ۋاخىنىغا باغىنىلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلما تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توغراقلىقلاردا ياشايدىغان چارۋىچىلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، توغراق ياغىچىدا ياسىلىدۇ. ساتما (ئاشخانا)، هويلا تاملىرى چاپلانمايدۇ، ئاهادە تاملارمۇ شۇنداق ياسىلىدۇ، لېكىن پەس بولىدۇ. ئۆي تاملىرىنىڭ ئىچ تەرىپى چاپلىنىپ سۇۋۇلىدۇ. شارائىتى بار جايلاردا بادىرا ئارىسىدىكى يوچۇقلارغا قومۇش باغلاپ، هىملىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ (5-رەسىم).

ئەنجان ۋادەكنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ياسىلىپ، تۇۋرۇك زىچ بېكىتىلىدۇ. تۇۋرۇك بىلەن تۇۋرۇكنىڭ ئارىلىقى ئادەتتە 20 ــ 30 سانتىمېتىر بولىدۇ، ۋاخىنا ئورنىتىلمايدۇ، تۇۋرۇكلەرنىڭ ئارىسىغا خام كېسەكنى لاي بىلەن قىيپاش بېسىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كېسەك بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرىپى سېغىز لاي بىلەن چاپلىنىپ، لاي قۇرىغاندا سۇۋاپ ياسىلىدۇ. قۇرۇلمىنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە شەكلى ئۆزگىرىش، قىيسىيىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، هەر بىر تامغا تۇۋرۇك بىلەن سىنجا چېتىلغان بۇرجەك بىلەن قارشى بۇرجەك ئۇزۇن ياغاچ ئارقىلىق x شەكلىدە چېتىپ قويۇلىدۇ.

ۋادەك تامنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان غول قۇرۇلما تۇۋرۇك بولغاچقا، تۇۋرۇككە ياخشى ياغاچ ئىشلىتىلگەندىن سىرت، يەرگە كۆمۈلگەن قىسمىنىڭ چىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. بۇرۇنقى چاغلاردا تۇۋرۇك هۆلى ئوتتۇن كۆمۈرى ۋە كۈل بىلەن كۆمۈلەتتى. هازىر يالتىراق يۆگەپ كۆمۈلىدۇ، شارائىتى بارلار تۇۋرۇكنى تاشتىن ئويۇلغان تەگلىككە ئورنىتىپ كۆمىدۇ. تاش تەگلىك — كۆتەك تاشنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تۇۋرۇك تېگى پاتقۇدەك كاتەك ئويۇپ ياسىلىدۇ. بەزى جايلاردا جۇۋاز تېشىنى تەگلىك ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. هازىر يەنە شارائىتى ياخشىلار ئۆينىڭ هۆلنى تۇۋرۇكلەر بىلەن قوشۇپ بېتون لاي بىلەن قۇيۇپ ياسايدىغان بولدى. بۇ خىل قۇرۇلمىنىڭ چىدامچانلىقى تېخىمۇ ياخشى. بۇرۇنقى دەۋرلەردە قەۋەتلەپ سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆي، دۇكان، ئاشپۇزۇللارنىڭ ھەممىسى ۋادەكلىنىپ ياسالاتتى. چۈنكى ۋادەك قۇرۇلما توپا قۇرۇلمىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە پۇختا بولۇپ، تاملىرى يەڭگىل، بېسىم چۈشۈرۈش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە قۇملۇق گىرۋەكلىرىدىكى رايونلاردا قومۇش ۋادەك ئۆيلەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، قەدىمىي ئىزلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشاشلا قومۇش ۋادەكتۇر. ھەتتا يوملاققۇم قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەھەر سېپىلى ئاستى قىسمى سېغىز بىلەن، ئۈستى قىسمى قومۇش ۋادەك ئارقىلىق ياسالغان. بۇ رايونلاردىكى كوللېكتىپ قەبرە ۋە يەككە قەبرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى قومۇش بىلەن ۋادەكلىنىپ شەمگۈر شەكىللىك ياسالغان. چەرچەن ناھىيەسى چاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستىنىڭ تورۇسى يۇلغۇن ئارقىلىق ۋادەكلەپ توقۇلغان قۇرۇلما بىلەن يېپىلغان.

بۇ خىل قۇرۇلمىنىڭ چىدامچانلىقى يۇقىرى، زەي، شوردىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە، تېمپېراتۇرا ساقلاش ئۈنۈمى ياخشى، يەر تەۋرەشكە چىدامچانلىقى يۇقىرى بولغاندىن سىرت، ئومۇمىي قۇرۇلما ئۆزئارا چېتىپ ياسالغاچقا، يىقىلىپ چۈشۈش ۋە بېسىۋېلىش خەۋپ-خەتىرى تۆۋەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇڭا بۈگۈنگە قەدەر ئىستېمالدىن قالماي ئىشلىتىپ كېلىنىۋاتىدۇ. دېمەك، ۋادەك قۇرۇلما — تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئەقىل پاراستىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قىممىتىگە ئىگە.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك مەدەنىيەت تەنتەربىيە ئىدارىسىدە)

# تاج ماھال مەقبەرىسى



تاج ماھال مەقبەرىسى ھىندىستاننىڭ ئاگرا شەھەر ئەتراپىدىكى يامونا دەرياسى بويىغا جايلاشقان. بۇ تولىمۇ ھەشەمەتلىك ۋە نەپىس ياسالغان قەدىمىي قەبرە ھىندىستان موغۇل ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ مۇكەممەل گۆھەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۇنيا مىراسلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ساياھەتچىلەر ئەڭ كۆپ ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان جاي. 1983-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرى دەپ بېكىتىلىپ «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلگەن.

تاج ماھال مەقبەرىسى موغۇل خاندانلىقىنىڭ 5-ئەۋلاد پادىشاھى شاھ جاھان (1592 ـ 1688) ئامراق خانىشى ئۈچۈن ياساتقان مەقبەرىدۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا شاھ جاھان تەختكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى سەرسان-سەرگەردانلىقتا يۈرگەن. ئۇ ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقتا يۈرگەن كۈنلەردە، بىر ساداقەتمەن ئايال باشتىن-ئاخىر ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى قوللاپ يېنىدىن ئايرىلمىغان. شاھ جاھان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ياخشىلىقنى ئۇنتۇماي، ئۇنىڭغا «تاج ماھال» (ئوردىنىڭ تاجى) دېگەن گۈزەل نامنى بەرگەن. خانىش تاج ماھال شاھ جاھانغا 14 بالا تۇغۇپ بەرگەن. 15-بالىسىنى تۇغىدىغان چاغدا بەختكە قارشى قىيىن تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن. شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 38 ياشقا كىرگەن ئىكەن. ئۇ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىكەن: «مېنىڭ ئۈچ تەلىپىم بار، باللارغا ياخشى قارالىڭ، مەڭگۈ ئۆيلەنمەڭ، مەن ئۈچۈن كۆركەم بىر قەبرە قاتۇرۇڭ»، شاھ جاھان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، خانىش كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىكى بىردىنبىر گۈزەل ۋە كۆركەم قەبرىنى ياساتقان ھەم ئۇنى تاج ماھالنىڭ نامى بىلەن ئاتاشنى بۇيرۇغان، مانا بۇ ھازىرقى تاج ماھال مەقبەرىسىدۇر.

بەزى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، تاج ماھال مەقبەرىسى موغۇل خاندانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋ-

uyghurkitap.com



رىدە ياسالغان، 1632 ـ يىلى قۇرۇلۇش باشلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، تۈركىيە، پارس، ھىندىستان ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن ئىنژېنېر ۋە ھۈنەرۋەنلەر كېلىپ ياسىغان. قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان ماتېرىياللار ياۋروپا، ئاسىيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلتۈرۈلگەن. ھىندىستاننىڭ سېرىق مەرمەر تېشى، قىزىل قوم تېشى، پاكىستاننىڭ ئاق مەرمەر تېشى، سىرىلانكىنىڭ كۆك ياقۇتى، ئەرەبلەرنىڭ قىزىل مارجىنى، ئىراننىڭ سۈسۈن خرۇستالى، رۇسىيەنىڭ يېشىل ھېقىقى ۋە جۇڭگونىڭ خرۇستاللىرى قاتارلىق دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى قىممەتلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئىشلىتىلگەن، 22 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان دۇنيادىكى بۇ مۆجىزىلىك كاتتا ئىمارەت ئاخىر پۈتكەن.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىدىغان ساياھەتچىلەرگە نىسبەتەن، تاج ماھالنىڭ كىشىگە بېرىدىغان ئەڭ چوڭقۇر تەسىرى تاج ماھال بىلەن شاھ جاھان ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق گىرەلەشكەن چوڭقۇر مۇھەببەت ھېكايىسىدىن باشقا يەنە بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاج ماھال مەقبەرىسىدىكى نەپىس ياسالغان ياپيېشىل گۈللۈك، ھەشەمەتلىك قىزىل ئىشىك، مۇقەددەس بولغان ئاق رەڭلىك قەبرە سۇپىسى، توق كۆك رەڭلىك سالقىن كۆلچەك، ئۆزگىچە قۇببىسىمان ئۆگزە شىپاڭى، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۆت بۇرجەكلىك ئۇچلۇق مۇنار، كەڭرى ئىبادەت زالى، ھەيۋەتلىك مەسچىت قاتارلىقلار رەڭدارلىقى بىلەن ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل قىلىپ، كىشىلەرگە ئىنسانىيەتتىن ھالقىغان گۈزەل تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىدۇ.



تاج ماھال مەقبەرىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 583 مېتىر، كەڭلىكى 304 مېتىر، ئەتراپى قىزىل رەڭلىك خىش تام بىلەن قورشالغان، قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 170 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەبرە ئوتتۇرىدا بولۇپ، شەرق، غەرب ئىككى تەرىپىدە قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان قۇرۇلۇش بار، بىرى مەسچىت، يەنە بىرى قوبۇلخانا بولۇپ، سىممېترىك شەكلى ئىنتايىن ماس كەلگەن. قەبرىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئېگىزلىكى 40 مېتىر كېلىدىغان ئۇچلۇق مۇنار، ئىچىدە 50 باسقۇچلۇق پەلەمپەي بار، بۇ مۇنار مەخسۇس ئاخۇنلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئەزان ئېيتىپ، ئاللاغا سىغىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. دەرۋازىدىن مەقبەرىگىچە بولغان يول قىزىل خىشتىن ياسالغان بولۇپ، ئىككى تەرەپى پىيادىلەر يولى، ئوتتۇرىسى كۆلچەك ۋە بۇلاق، كۆلچەككە سايە چۈشۈپ، گۈللەر، چاتقاللار چىرمىشىپ كۆزنى چاقنىتىدۇ. كارىدورنىڭ ئاخىرىغا قەبرە جايلاشقان. ئاساسىي قەبرە ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 95 مېتىر ئاق مەرمەر تاشنىڭ ئۈستىگە ياسالغان. قەبرىنىڭ ئېگىزلىكى 74 مېتىر، ئىمارەت ئاساسىي گەۋدىسى ئاق رەڭلىك مەرمەر تاشتىن ياسالغان، ئۈستى قىسمىدىكى قاتمۇقات گۈمبەزلەر كۆك بىلەن بويى تالىشىپ تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئاستى سەككىز بۇرجەكلىك ئىمارەت بولۇپ تۆت تەرەپتە بىردىن ئېگىزلىكى 33 مېتىر كېلىدىغان يوغان ئىشىك بار، ئىشىك قانىتىدىكى قارا مەرمەر تاشقا «قۇرئان كەرىم» ئويۇلغان، ئۇنىڭغا: «نىيىتى پاكلار دۇرۇس بولسىلا، جەننەتنىڭ ئىشىكىدىن كىرەلەيسىلەر» دەپ يېزىلغان.

مەقبەرە ئىچىدە يەنە بىر تولىمۇ چىرايلىق ياسالغان ئىشىك بار بولۇپ، ئېيتىلىشىچە ئۇنى جۇڭگولۇق ھۈنەرۋەنلەر ياسىغان ئىكەن، مەركىزىي سارايىنىڭ ئىچىگە نەقىش ئويۇلغان چوڭ مەرمەر تاش قويۇلغان. ئىچىگە شاھ جاھان ۋە تاج ماھالنىڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغان تاۋۇتى قويۇلغان، ئەمما ھەقىقىي تاۋۇت يەر ئاستىغا قويۇلغان. تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە يېشىل تاش، ھېقىق، خرۇستال، مارجان، مالاخىت قاتارلىق 200 نەچچە خىل رەڭگارەڭ



گۆھەر تاشلار ئورنىتىلىپ، نەپىس نەقىش شەكىللەنگەن، ئۇنىڭدىكى قول ھۈنەر تولىمۇ ئىنچىكە، رەڭلەر تولىمۇ چىرايلىق، جاھاندا تەڭداشسىز دېيىشكە بولىدۇ.

ئىشقىلىپ تاج ماھال مەقبەرىسىنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى خىرۇستالدەك سۈزۈكلۈكلەر ئۆز ئورنىنى تاپقان دېيىشىدۇ. ھىندىستانلىق ئۇلۇغ شائىر تاگورنىڭ تاج ماھال مەقبەرىسىنى سۈپەتلەپ، بىر تامچە سۆيگۈ دەپ تەرىپلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

تاج ماھال مەقبەرىسى پۈتۈنلەي ئاق مەرمەر تاشتىن ياسالغان، ئۆز ۋاقتىدىكى ئويمىچى ئۇستىلار تام، ئىشىك قانتى، دېرىزە - ئىشىكلىرىگە گۈزەل نەقىشلەرنى ئويغان: شۇڭلاشقا بىر كۈن ئىچىدىكى سەھەر، چۈش كەچتە ئوخشىمىغان تەسىر بېرىدۇ. قۇياش نۇرىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى ئوخشىمىغاچقا، تاج ماھالنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن نۇر ۋە رەڭلەر خىيالىي ئۆزگىرىپ، ئوخشىمىغان تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. گۈللۈك ۋە كۆلچەكتىكى شولىلار بىردەك خۇددى سانسىزلىغان ئادەملەر ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقاندەك ئاجايىپ مەنزىرە پەيدا بولىدۇ. ساياھەتچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى تاج ماھال مەقبەرىسى خۇددى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى ئۆزگىرىشنى نامايان قىلىۋاتقاندەك لەيلەپ يۈرگەچكە قانچە كۆرسىمۇ زېرىكمەيدۇ.

سەھەرنىڭ سۇسقىنا شەپەق نۇرى ئىچىدە، ئۇ گۈزەل بالىلار چۆچىكىدىكى تىپتىنچ ئۇخلاۋاتقان ئوردىغا ئوخشايدۇ؛ ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش يامونا دەرياسىدىكى ئاجىز شەپەق نۇرىغا جور بولغاندا، تاج ماھال مەقبەرىسى خۇددى چۆچەكلەردىكى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك پەيدا بولىدۇ. چۈش مەزگىلى بولغاندا ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇتلار، ئاستىدا چىملىق، دەرەخلىكلەر ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا بىر پارچە رەڭدار گۆھەرگە ئايلىنىدۇ؛ كەچ تاج ماھال مەقبەرىسىنىڭ كىشىنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ، ئاق رەڭلىك تاج ماھال مەقبەرىسى، كۈل رەڭ سېرىققا، ئالتۇن رەڭگە، پەيدىنپەي ھال رەڭگە، قارامتۇل قىزىلغا، سۈس يېشىلغا ئۆزگىرىدۇ. ئاي نۇرىنىڭ پەيدىنپەي چۈشۈشى بىلەن ئەڭ ئاخىر يەنە ئاق رەڭگە قايتىدۇ، خۇددى تارتىنچاقلىق بىلەن ساياھەتچىلەرگە تەشەككۈر سالىمى بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئاي تولغان كېچىسى تاج ماھال مەقبەرىسى خۇددى بېھىشتەك يەنە بىر كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھىرلىك ئوردىغا ئايلىنىدۇ. خۇددى شاھ جاھان ئېيتقاندەك: «ئەگەر دۇنيادا جەننەت بار دېيىلسە، تاج ماھال مەقبەرىسى دەل جەننەتتۇر».

ئەڭ مەنىلىك بولىدىغىنى تاج ماھالنىڭ سەھەر، كۈندۈزى ۋە كەچتىكى مەنزىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇنى دۇنيادىكى بىردىنبىر ئۈچ خىل باھالىق مەنزىرە نۇقتىسىغا ئايلاندۇرغان. خۇددى ھىندىستانلىق ساياھەتچىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، تاج ماھالنىڭ بېلەت باھاسى كۈندۈزى 20 رۇپىيە بولسا، ئەتىگەن يەتتىدىن بۇرۇن ياكى چۈشتىن كېيىن 17 دىن كېيىن 110 رۇپىيەگە چىقىدۇ.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى، تاج ماھال مەقبەرىسى ھىندىستاننىڭ بەلگىسى بولۇپ كەلدى، تاج ماھال ھەققىدىكى مۇلاھىزە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئالىلقاچان ئىنسانىيەتنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئەڭ ئېسىل تەرىپلەشلىرىگە ئېرىشىپ كەلدى.

بەزىلەر مۇنداق سورىشى مۇمكىن: مۇشۇنداق دۇنياغا داڭلىق گۆھەرنىڭ لايىھەلىگۈچىسى ۋە سالغۇچىسى زادى كىم؟

ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تاج ماھال مەقبەرىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com



لايىھەلىنىپ سېلىنىشى ۋە سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتىگە دائىر مەسىلىلەر، ھىندىستاننىڭ ئىچى-سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ دىققىتى ۋە بەس-مۇنازىرە قىلىدىغان قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى.

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەلىنىشى ۋە سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ مۇنداق بىر نەچچە خىل كۆز قارىشى بار.

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر پارس ئىسلام تەلىماتىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇن يىللار ئىلگىرى، بۈيۈك بېرىتانىيە قامۇسچىلىرى بىردەك مۇنداق قارىغان. تاج ماھال مەقبەرىسىنى ئاساسلىق ياساتقۇچى پادىشاھ شاھ جاھان بولۇپ، ئاساسلىق لايىھەلىگۈچى پېرسىيەلىك (تۈركىيەلىك دېگۈچىلەرمۇ بار) ئۇستاد ئەيسا، ھەممە ئۇنىڭ بىر قوللۇق پىلانلىشى ئاستىدا بولغان بولۇپ، ھېچقانداق ھىندىستانلىق قۇرۇلۇشقا قاتناشمىغان.

يەنە بىر خىل ياۋروپا-ئاسىيا بىرلىك تەلىماتى قارىشى بويىچە تاج ماھال مەقبەرىسى ياۋروپا، ئاسىيادىكى تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەسىرى، ئۆز ۋاقتىدا ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللەنگەن دەۋرىدە بىر تۈركۈم ئىنژېنېرلار بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئىتالىيەلىك جى ئەي گېمى مو. ۋېيگىنو، فىرانسىيەلىك ئىنژېنېر ئۇستىلىڭ. د، بوردولار لايىھەلەشكە قاتناشقان دېيىلگەن.

بۇ خىل قاراش يېڭىچە بولسىمۇ، لېكىن ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان تارىخشۇناسلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ ھەشەمەتلىك ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشنىڭ غەربىي ياۋروپانىڭ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋرى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ئىكەن.

ھىندىستاندىكى داڭلىق تارىخشۇناس مازۇڭدا تاج ماھال مەقبەرىسىنىڭ لايىھەلىگۈچىسىنىڭ قايسى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىشتا، ھىندىستاننىڭ ئۆزىگە خاس ئامىللىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) تاج ماھال مەقبەرىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىدىن قارىغاندا ئاساسلىق قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى پۈتۈنلەي يېڭىچە ئەمەس، ئۇ قۇرۇلۇش جەھەتتە سۇر پادىشاھى شىر شاھ بىلەن موغۇل پادىشاھى ھۇمايۇننىڭ قەبرىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

2) قۇرۇلۇش ماتېرىيالى — ئاق مەرمەر تاش ۋە ئۇستىدىكى گۆھەرلەرنىڭ ھۈنەر-سەنئىتىدىن قارىغاندا، بۇ خىل قول ھۈنەر ھىندىستاننىڭ غەربىدىكى لاجبوت سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىچىدە ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بۇ مەقبەرىنىڭ لايىھە ۋە ياسىلىشىغا پىرسىيەنىڭ ھېچقانداق تەسىرى يوق ئىكەن. لېكىن موغۇل خاندانلىقى مەزگىلىدە ھىندىستاننىڭ غەربىي سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، غەربنىڭ ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ ھىندىستاننىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا بولغان تەسىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

1986-يىلى گىدبورد ئىسىملىك بىرسى مونتاژ ماھال دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇ كىتابتا سوئال-جاۋاب شەكلىنى قوللانغان بولۇپ، تاج ماھال مەقبەرىسىنى شاھ جاھان ياسىغانمۇ يوق دېگەن مەسىلىگە قارىتا خىلمۇخىل گۇمانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە: بەزى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە تاج ماھال مەقبەرىسىنى ياساش ئۈچۈن شاھ جاھان 20 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ۋە 22 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان دېيىلىدۇ، لېكىن فىرانسىيەلىك ئۈنچە-مەرۋايىت سودىگىرى تاۋلىنىئدىنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ ئادەم 17-ئەسىردە ھىندىستانغا بەش قېتىم بارىدۇ، دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن ھىندىستان سەپىرى ناملىق ئەسەرنى يازىدۇ، ئەمما بۇ ئادەم ئەزەلدىن تاج ماھال مەقبەرىسىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى كۆرمىگەن. كىشىنى گۇمانلاندۇرىدىغان داۋلىلىق پاكىتلار ھېچكىمنى قايىل قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردىكى بىر تۈركۈم ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرمۇ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن تاج ماھال مەقبەرىسىنى تىلغا ئېلىپ باقمايدۇ.

كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان تاج ماھال مەقبەرىسىنىڭ ھەقىقىي لايىھەلىگۈچىسى زادى كىم؟ ئۇنى 17-ئەسىردە شاھ جاھان ياساتقانمۇ يوق؟ بۇنىڭ تېخى خۇلاسىسى چىقمىدى.

ئايجامال مۇھەممەد تەرجىمىسى

(تەرجىمان: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)



ئەمگەكسىز ئۆمۈر، تاشلاندۇق كۆمۈر

ئۇيغۇرخەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

مۇھەممەتيۈسۈپ ياسىن يازغان



مەتتۇرسۇن ئابدۇرېشىت يازغان







ئارزىگۈل ئابدۇكېرىم ھۈنەر ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىن




باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر،
14 ـ قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联大楼14层)
电话:(0991)4554017　传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60　广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001　定价:6.00元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552